بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا



# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

## المسلم الصيني

## 中国穆斯林

2

2001

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

# جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلۇش يىغىنى ...رىسى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد، مەركىزى كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى دېجۇ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن قاتارلىق رەھبەرلەر ھەيئەت ئەزالىرى ۋە ھەيئەت قۇرۇلۇش يىغىنى ئىشتىراكچىلىرى بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



ھەيئەت مۇدىرى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن دوكلاد بەردى.
( سۈرەتنى سالىم تارتقان)




ھەيئەت قۇرۇلۇش يىغىنى شىنجاڭلىق ئەبەيدۇللا داموللا ھاجىنىڭ قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن باشلاندى.
(سۈرەتنى ما لىچياڭ تارتقان)



ئىسمائىل ئەھمەد ھەيئەتنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن مۇدىرى ھارۇنخان داموللا ھاجى بىلەن سەمىمىي كۆرۈشتى.
( سۈرەتنى ما لىچياڭ تارتقان)



ئىسمائىل ئەھمەد، لى دېجۇ، يې شاۋۋېن قاتارلىق رەھبەرلەر ھەيئەت ئەزالىرى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرىنى ئايرىم قوبۇل قىلىپ، ھەيئەت قۇرۇلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

بسم الله الرحمن الرحيم



بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

## مۇندەرىجە

المسلم الصيني

### ئالاھىدە خەۋەرلەر

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەيلى...... ئىسمائىل ئەھمەد (4)

جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى بېيجىڭدا قۇرۇلدى...... بارات رەجەپ (12)

جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر، ھەيئەت ئەزا، ئىجرائىيە كاتىپىنىڭ ئىسىملىكى...... (15)

جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ نىزامى...... (17)

### ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

ئىسلام دىنىنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئەدەپ-ئەخلاق ئىدىيىسى ۋە ئۇنىڭ دەۋرىمىزدىكى ئەھمىيىتى توغرىسىدا...... فېڭ خۇەيشىن(18)

### ۋەز-تەبلىغ

ۋەز سۆزلەش قائىدىسى ......مۇھتەرەم ھاجى(27)

### قۇرئان كەرىم تەتقىقاتى

«قۇرئان كەرىم» بىلىملىرى خەزىنىسى — «قۇرئان كەرىم» تەفسىرلىرى ۋە ھەقتىكى ئىزدىنىشلەر...... ھاجى يەھيا سەنۇبەر لىن سۇڭ (43)

### ھەج- تاۋاپ

2001-يىللىق جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكى جۇڭگو ھاجىلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلىپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى...... ئادىل ھاجى كېرەم (57)




**جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى**

**中国穆斯林**

(پەسىللىك ژۇرنال 季刊)

(ئومۇمىي 59-سان 第总 59期)

2001-يىل 6-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى

باش مۇھەررىر:
**شەمشىدىن ھاجى**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**بارات رەجەپ**

تېخنىك تەھرىرى:
**ئەنۋەر مۇھەممەد**

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:
**شەمشىنۇر ھوشۇر**

主　　编：夏米西丁・哈吉

副 主 编：巴拉提・热吉甫

技术编辑：安瓦尔・穆罕默德

封面设计：夏美希努尔・吾守尔

刊号 ISSN1007-5836 :خەلقئارالىق نومۇرى

CN11-1346/B :دۆلەت ئىچى نومۇرى

# مۇندەرىجە

CHINA MUSLIM

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى پادىشاھ مېھمىنى ھەج ئۆمىكى ھەج پائالىيىتىنى غەلىبىلىك ئاياغلاشتۇرۇپ قايتىپ كەلدى........................ھاجى بارات رەجەپ (58)
2001-يىللىق جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج ئۆمىكى ھەج تاۋاپ پائالىيەتلىرىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلىپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى........................ئادىل ھاجى كېرەم (59)
بۇ يىلقى ھەج پائالىيىتىدىكى يېڭىلىقلار........................ھاجى مەھمۇدى (60)

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى شۆبە جەمئىيەت مەسئۇللىرى يىغىنى ئاچتى..........ئىمىن ساۋۇت (61)

## ئىسلام مائارىپى

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپى پۈتتى........................ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد (61)
مەكىت ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان 5- قارارلىق دىنىي بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى..........(ئەنۋەر ئېلى تۇرسۇن، نۇرگۈل سىدىق) (61)
قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان 11-قارارلىق تالىپلار كۇرسى ئاخىرلاشتى........................ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد (62)

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

ھەسەنجان قارىي، تۇرسۇن بارات، شاھمەردان ئىمىننىياز، ئەزىز، ھامۇتجان، ئېلى مەخسۇم قاتارلىقلار خەۋىرى........................ (62)

## ئۇيغۇرچە«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى

ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۇر........................«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى(64)

***مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: ئىسمائىل ئەھمەد جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى يىغىنىغا قاتناشقان داموللاملار بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلەشمەكتە..........(سۈرەتنى ئەلى لىيۇ شۇشياڭ تەمىنلىگەن)***

2001

2

**باشقۇرغۇچى:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
**تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى:**
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
**باسقۇچى:** مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
**تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى:**
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
**ئادرېس:** بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 100053
**تېل:** 63513181، 83520073 (010)
**شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى:**
ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 119-قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830001 **تېل:** (0991)2566193
主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文 编辑部
印　　刷：中央民族大学印刷厂
发行订阅：《中国穆斯林》维文 编辑部
地址：北京市宣武区南横西街103号
邮编：100053
电话：（010）63513181，83520073
新疆发行站：乌鲁木齐市延 安路119号
邮编：830001　电话：（0991）2566193

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەيلى

—— دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ شىنجاڭلىق ياش، ئوتتۇرا ياش ئىماملار مۇھاكىمە سىنىپى كۇرسانتلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە سۆزلىگەن سۆزى

بۈگۈن سىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، سىلەرنىڭ ئۆگىنىش دوكلاتىڭلارنى ئاڭلىغانلىقىمغا ناھايىتى خۇشالمەن. جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى مەملىكەت بويىچە ئىسلام دىنىنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتى، ئۇقۇشۇمچە، سىلەر بۇ قېتىمقى ئۆگىنىش پۇرسىتىنى ناھايىتى قەدىرلەپسىلەر، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىپ، يېڭى بىلىملەرنى ئىگەللەپ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپسىلەر، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن سىلەرنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن. بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە سىنىپىنىڭ ئېچىلىشىمۇ ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بوپتۇ. مەن ۋەزىپىدىكى ئىماملارنىڭ دىنىي ئىشلارنى بېجىرىش سەۋىيىسىنى ، دىنىي بىلىملىرىنى، سىياسىي ساپاسىنى موشۇنداق سىنىپ شەكلى ئارقىلىق داۋاملىق تولۇقلاش ۋە ئۆستۈرۈشنى تامامەن ياقتۇرىمەن ۋە قوللايمەن. ئىشىنىمەنكى، بۇ قېتىمقى ئۆگىنىش ئارقىلىق بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزەڭلارنىڭ ۋەزىپە ۋە بۇرچۇڭلارنى چوقۇم تېخىمۇ ياخشى ئورۇنلايسىلەر.

شىنجاڭ——ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدىكى گۈزەل، باي بىر ياخشى جاي، ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى.تارىختا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ھالدا شىنجاڭنى قوغداپ، ئېچىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە ياراتقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ،كەڭ مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت شىنجاڭ خەلقى ۋەتىنىمىزنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتى، جەمئىيەت يۈكسىلىشى ئۈچۈن بۈيۈك تۆھپىلەرنى قوشتى. ھازىر دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۆلگۈنچىلەر تارىخنى ئۆزگەرتمەكچى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ غەرىزى ئىنتايىن قەبىھ . تارىختىن ئاززاقلا خەۋىرى بار كىشىلەرگە مەلۇمكى، شىنجاڭ مىلادىدىن بۇرۇنلا جۇڭگو زېمىنىغا كىرگەن بولۇپ، ئىزچىل جۇڭگو تېرىتورىيىسىدە بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. شىنجاڭ تارىختا ''غەربىي رايون''دەپ ئاتالغان، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى مەغلۇپ قىلىنىپ قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن''يېڭىۋاشتىن قايتىپ كەلگەن كونا يۇرت''دېگەن مەنىدە ''شىنجاڭ ئۆلكىسى''دەپ ئاتالغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە نەپەسداش، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇپ، مىللىي تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەڭلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭى مىللىي مۇناسىۋەتنى ئورناتتى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. باش شۇجى جياڭ زېمىن شىنجاڭغا كۆپ قېتىم بېرىپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ، خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ، شىنجاڭ تەرەققىياتىنىڭ ئۇلۇغۋار

لايىھىسىنى تۈزۈپ بەردى. ئۇ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق بولۇپ يۈكسىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈپ: ''خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ'' دەپ تەكىتلىدى. ئۇ شىنجاڭنىڭ ئېچىلىش تەرەققىياتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. مەركەز شىنجاڭنىڭ ئېچىلىش ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى، بولۇپمۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ''غەربىي رايوننى كەڭ دائىرىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش'' ئىستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كىرىشىشى غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئېچىلىش تەرەققىياتىغا تېپىلغۇسىز تارىخىي پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. شىنجاڭ مەملىكىتىمىزدىكى يەر مەيدانى ئەڭ چوڭ ئاپتونوم رايون، ئۇنىڭ سانائەت، يېزا ئېگىلىك تەرەققىياتى ياخشى ئاساسقا ئىگە. شۇنداق مۆلچەرلەشكە بولىدۇكى، ''غەربىي رايوننى كەڭ دائىرىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش'' ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى بىلەن، شىنجاڭدا چوقۇم يېڭى بىر گۈللىنىش مەيدانغا كېلىدۇ. بىز شىنجاڭلىق ياش، ئوتتۇرا ياش ئىمام بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۇ پۇرسەتنى چوقۇم تونۇپ يېتىشىمىز ۋە چىڭ تۇتۇشىمىز، كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ خىزمىتىنى كۆپرەك ئىشلەپ، تىنچ-مۇقىم بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى تىرىشىپ قوغداپ، ''غەربىي رايوننى كەڭ دائىرىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش'' ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئەمەلىيلىشىشى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشىمىز كېرەك.

ھازىر شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ياخشى، سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم، ئېگىلىكى تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. بىراق بىز ساقلانغان مەسىلىلەرگە ۋە دۇچ كېلىۋاتقان خىرىسقىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قانۇنسىز جىنايى ھەرىكەتلەر شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان ئاساسلىق خەۋپ، ھەممەيلەن بۇنىڭغا قارىتا سەگەك تونۇشتا بولۇشى كېرەك. تارىخ بىزگە شۇنى تەكرار ئىسپاتلاپ بەردىكى، ئىتتىپاق بولغاندىلا روناق تاپقىلى، گۈللەنگىلى بولىدۇ؛ بۆلۈنگەندە بولسا پاراكەندىلىك، زاۋاللىققا يۈزلىنىش كېلىپ چىقىدۇ. بۇ شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە يۈكسىلىشىدىكى مۇھىم بىر ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت. ھازىر شىنجاڭنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە دىنىي ئەسەبىيلەر تارىخنىڭ ئېقىمىغا قارشى ھەرىكەت قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەرغىب قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، ھەتتا بەزى جايلاردا زوراۋانلىق-تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى تۇغدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى بۇزۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە خەۋپ سېلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ئېغىر توسقۇنلۇقلارنى پەيدا قىلىۋاتىدۇ ،ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىتلەرنى سېلىۋاتىدۇ، ئۇلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. بىز چوقۇم پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، بايرىقىمىز روشەن ھالدا، مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە زوراۋانلىق-تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە زوراۋانلىق-تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بەزى دۆلەتلەردە يامراپ، بۇ دۆلەتلەرنى مىللىي ئىناقسىزلىق، دىنىي ئىختىلاپ، جەمئىيەت قالايمىقانچىلىقى، ئىقتىسادىي چېكىنىش، خەلقنى چىدىغۇسىز ئازابتا قالدۇرۇش ھالىتىگە دۇچار قىلدى. بۇ

www.uyghurkitap.com



جەمئىيەتتىكى ساۋاقلار ئىنتايىن چوڭقۇر. بىز يەنە شۇنى كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەككى، بۇ ر... كۆچلەرنىڭ ئارقىسىدا ھەمىشە مەلۇم چوڭ دۆلەتلەرنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار ''دىنىي ئەركىنلىكنى قوغداش'' ۋە ''مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشىنى قوللاش''ۋېۋىسكىسىنى ئېسىۋېلىپ، دىنىي ماجىرا قوزغىتىپ، مىللىي ئۆچمەنلىك قوزغاپ، بۇ ئارقىلىق بۇ دۆلەتلەرنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ ۋە ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن دۇنياغا خوجا بولۇش قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولىۋاتىدۇ. ئۇلار ئىسلام دىنىدىن ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى مىللەتلەردىن ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن دۇنياغا خوجا بولۇش ئىستراتېگىيىسى شاھمىتىدىكى بىر ئۇرۇق ئورنىدا پايدىلىنىۋاتىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھېچنېمىدىن يانماي،ئىسلام دىنىنى ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى مىللەتلەرنى ئورۇش ئوتى ۋە لەختە قان ئىچىگە كىرگۈزۈۋاتىدۇ. بىز چوقۇم بۇ ئېچىنىشلىق رېئاللىقنى ئېنىق كۆرۈشىمىز، يۈزەكى ھادىسىلەردىن گاڭگىراپ قالماسلىقىمىز لازىم. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە بەخت-سائادىتى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە تايىنىدۇ، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكى ۋە قۇدرەت تېپىشىغا تايىنىدۇ. بىز ۋەتىنىنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشىمىز، ھەر قانداق بىرسىنىڭ ۋەتىنىمىزنى پارچىلىشىغا، بىز 56 مىللەت ئارىسىدا ئىناقسىزلىق ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىشىغا قەتئىي يول قويماسلىقىمىز كېرەك. ئۆزىنىڭ مىللىتى ۋە ئېتىقادىغا مەسئۇل بولغان ھەر بىر مۇسۇلمان ۋە ئىمام يۈكسەك ھوشيارلىقتا بولۇپ، ئىچكى- تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ، قانۇنسىز جىنايى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىنى قەتئىي توسۇشى لازىم. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ''ئىسلام دىنى ئېتىقادىنى ساپلاشتۇرۇش''نامى بىلەن ئىسلام دىنى قۇرئان-كىتابلىرىنىڭ ئەقىدىلىرىنى بۇرمىلاپ، بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىش، مىللىي ئۆچمەنلىك قوزغاش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇشىدىن ئالاھىدە ھوشيار بولۇش كېرەك. ئۇلارنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى قانۇنغا خىلاپ، شۇنداقلا تۈپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ پرىنسىپى ۋە تۈپ روھىدىنمۇ چەتنىگەن بولۇپ، ھەر بىر ۋەتەنپەرۋەر ئىمام ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇشى كېرەك.

يېقىندا چاقىرىلغان پارتىيە 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5- ئومۇمىي يىغىنى باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ دىن خىزمىتى توغرىسىدىكى''ئۈچ جۈملە سۆز''نى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ:''پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇش، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش، دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىششقا پائال يېتەكلەش، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە ۋە دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنسىز ھەرىكەتلەرگە قانۇن بويىچە زەربە بېرىش، بىدئەتچىلىكنى مەنئىي قىلىش كېرەك''دەپ كۆرسەتتى. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ ''ئۈچ جۈملە سۆز''ى دىن خىزمىتىنىڭ تۈپ يېتەكچى ئىدىيىسى بولۇپ، ئىنتايىن مول مەزمۇنغا ئىگە، سىلەر ئوقۇش جەريانىدا بۇ جەھەتتىكى مەزمۇنلارنى مەخسۇس ئۆگەنىدىڭلار، مەن بۈگۈن شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىششى مەسىلىسىنى سىلەر بىلەن بىللە مۇھاكىمە قىلىشماقچىمەن.

دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىششقا پائال يېتەكلەش دۆلەتنىڭ ھەر قايسى دىنلاردىن كۈتىدىغان تەلىپى، جۇڭگودىكى دىنلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى، شۇنداقلا دىن ئېتىقادچىلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنىڭ قارارگاھى. شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىششىدىكى ئاساسىي ۋەزىپە:

بىرىنچىدىن، مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە تەربىيىلەپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە زوراۋانلىق-تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش؛ ئىككىنچىدىن، ئەينەن مەزمۇنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، دىنىي كىتابلاردىكى ئەقىدىلەرنى توغرا شەرھلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ،ئەسەبىيلەر تارقىتىۋاتقان ھەر خىل بىدئەت تەلىماتلارغا رەددىيە بېرىپ،مۇسۇلمانلارغا ئەسەبىيلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى بۇرمىلاۋاتقانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئاھانەت كەلتۈرۈۋاتقانلىقىنىڭ خەۋپىنى ئېنىق تونۇتۇش؛ ئۈچىنچىدىن، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، غەربىي رايوننى كەڭ دائىرىدە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پائال ئاتلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا ماھىر بولۇشتەك ئۈستۈنلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت يۈكسىلىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى قوشۇشتىن ئىبارەت.

شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەشتە ئىنتايىن مۇھىم بىر خىزمەت : قۇرئان-كىتابلاردىكى ئەقىدىلەرنى توغرا شەرھلەش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. دىنىي ئەسەبىيلەر بىر تالاي بىدئەت تەلىماتلارنى تارقاتقانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن ئامما، بولۇپمۇ ياشلار بۇلارنى خاتا ھالدا ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئەقىدىسى دەپ قاراۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان-كىتابلاردىكى ئەقىدىلەرنى توغرا شەرھلەش، ئەقىدىلەردىكى ئاكتىپ مەزمۇنلارنى قېزىش ۋە جارى قىلدۇرۇش خىزمىتى ئالاھىدە مۇھىم بولۇپ قالدى، بۇ خىزمەت موشۇ يەردە ئولتۇرغان ئىماملارنىڭمۇ مۇقەددەس مەسئۇلىيىتى.

ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كۆپ. مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرى ۋە تۈپ روھى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

**بىرىنچى، ۋەتەننى سۆيۈش ئەنئەنىسى.** ۋەتەننى سۆيۈش مۇسۇلمانلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، بۇنى ئىسلام دىنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلىدۇ.ئىسلام دىنى:"ھۇببۇل ۋەتەن مىنەل ئىمان(ۋەتەننى سۆيۈش ئىمان جۈملىسىدىندۇر)"دەپ قاراپ، ۋەتەننى سۆيۈشنى ئىمان يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، ئەڭ مۇقەددەس ۋەتەنپەرۋەرلىك مەسئۇلىيەت ئۆزى ياشاۋاتقان ۋەتەننى ئاڭلىق قوغداشتىن ئىبارەت. بۇ تەشەببۇس بىز ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى تەلىپى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. ئىماملىرىمىز مۇسۇلمانلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇشقا موشۇ مەزمۇنلار ئارقىلىق تەربىيىلىشى كېرەك. تارىختا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى چەت ئەللىكنىڭ ئاھانەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇش، ۋەتەننىڭ تېررىتورىيە پۈتۈنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن قانلىق كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ھەتتا قان تۆكۈپ قۇربان بېرىپ،يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلغان.

**ئىككىنچى، ئىتتىپاقلىق روھى.** ئىسلام دىنى تىنچلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان دىن، ئىتتىپاقلىق ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئىدىيىسى ۋە مۇھىم ئالاھىدىلىكى ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى. ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا، ئوخشىمىغان رايونلارغا، ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ساھەسىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ئىتتىپاقلىقنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. «قۇرئان كەرىم»دە:"ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم يېپىشىڭلار،ئايرىلماڭلار"دېيىلگەن. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئارا ئىتتىپاق بولۇشىنىلا تەلەپ قىلىپ قالماستىن، يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا ئېتىقادتىكىلەر بىلەن ئىتتىپاق بولۇشىنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. «قۇرئان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەرىم»دە:''ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھەۋۋا ئىبارەت بىر ئاتا، بىر ئانىدىن) ياراتتۇق،ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق''دېيىلگەن. «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەلىمى بويىچە، ئىنسانلار ئەسلىدە بىر ئاتا-بوۋىدىن يارىتىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن بىر مۇنچە مىللەتلەرگە بۆلگەن، ئوخشاش بولمىغان دىنلاردا قىلغان ھەمدە ئۇلاردىن ئۆز ئارا تونۇشۇش، ئۆز ئارا ئالاقىلىشىش ئارقىلىق، ئىسلام دىنى ئىنتىلىدىغان ئۆز ئارا ئىناق ئۆتۈش، ئالەم تىنچ بولۇش مەقسىتىگە يېتىشنى تەلەپ قىلغان. بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرى 56 مىللەتتىن تەركىب تاپقان بىر چوڭ ئائىلە، ھەر بىر مىللەت بۇ چوڭ ئائىلىنىڭ تەڭ باراۋەر ئەزاسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئارا قېرىنداش بولۇشى كېرەك، ئەگەر ئۇلار بىر-بىرىنى چەتكە قاقسا ، بىر-بىرىگە ئۆچمەنلىك قىلسا، مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلسا «قۇرئان كەرىم»تەلىماتىغا خىلاپ بولىدۇ.

**ئۈچىنچى، ئەپۇچانلىق روھى.** ئەپۇچانلىق ئىسلام دىنى ئالاھىدە تەرغىب قىلىدىغان گۈزەل ئەخلاق، شۇنداقلا يەنە ، ئىسلام دىنى پەقەت ئاقىلانە، ئۇلۇغۋار كىشىلەرلا بۇ گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولالايدۇ ، دەپ قارايدۇ.«قۇرئان كەرىم»دە:''ئەگەر (ئۇلارنى) ئەپۇ قىلساڭلار، كەچۈرسەڭلار، مەغپىرەت قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىمۇ مەغپىرەت قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر''دېيىلگەن. «قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلاردىن باشقىلارغا ئەپۇچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئارازلىق ۋە ئۆچمەنلىكنى يوقىتىشنى ، ئوخشىمىغان كىشىلەر، ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئارىسىدا ئىناقلىقنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دىكى بۇ سۆزگە ھەر بىر مۇسۇلمان ئەمەل قىلىشى كېرەك، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغايدىغان كىشىلەرنىڭ قىلمىشى، ئۇنىڭ قانداق قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىدىن قەتئىينەزەر، «قۇرئان كەرىم»تەلىماتىغا خىلاپ. «قۇرئان كەرىم» كىشىلەرنى شۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇكى:''ياخشى خىسلەت ئارقىلىق(يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ''. «قۇرئان كەرىم»يەنە شۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇكى:''كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ؛ كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە ( يەنى قۇتقۇزسا ياكى ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا) ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ''. شۇڭا ، ھازىر خەلقئارا ئىسلام دۇنياسى دىنىي ئەسەبىيلىك ، تېررورلۇق ۋە زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى قەتئىي ئەيىبلەيدۇ. مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈشى قانۇنغا خىلاپ، ئىسلام دىنى تەلىمىگىمۇ خىلاپ.

**تۆتىنچى، ئادىللىق روھى.** ئىسلام دىنىدىكى ئادىللىق''ئاللاھ ئادىل'' دېگەن ئېتىقادتىن، يەنى''ئاللاھ ھەممىدە ئادىلدۇر''دېگەن ئەقىدىدىن كەلگەن. ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئادىل مۇئامىلىدە بولۇشنى، رەھىمدىل ، كەڭ قورساق، ئۆزىنى قۇربان قىلىدىغان، باشقىلار ئۈچۈن ئۆزىگە ھاي بېرىدىغان، ھېسداشلىق روھىغا باي بولۇش......نى تەلەپ قىلىدۇ. ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە تەپەككۇرىغا ھۆرمەت قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ كىشىلىك قارىشى، قىممەت قارىشىغا ھۆرمەت قىلىدۇ ؛ ئېتىقاد جەھەتتە ''ئېتىقادتا زورلاش يوق'' دېگەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە :''لا ئىكراھە فىددىن(دىندا<ئۇنىڭغا كىرىشكە> زورلاش يوقتۇر )، (چۈنكى) ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى'' دېيىلگەن. «قۇرئان كەرىم»دە يەنە:''خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن'' دېيىلگەن. شۇڭا ھەر بىر مۇسۇلمان

باشقىلارنىڭ تاللىشى ۋە ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. باشقىلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلاش، ئۆز مەيلىچە ئۇلارنى ''كاپىر'' دەپ ھۆكۈم قىلىش«قۇرئان كەرىم»نىڭ تەلىماتىغا خىلاپ.

**بەشىنچى، خەير-ساخاۋەت قىلىش روھى.** ئىسلام دىنىدىكى خەير-ساخاۋەت كىشىلەرنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان بارلىق ھەرىكەتلەرنى، جۈملىدىن ھەر خىل خەير-ساخاۋەتلىك ئىشلارنى ۋە مىللەتنىڭ قىممىتىنى ئۆستۈرىدىغان، ئىنسانلار روھىنى توغرىلايدىغان ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆزى كىشىلەرنى خەير-ساخاۋەتكە يېتەكلەيدىغان بىر يېتەكچى. مۇسۇلمانلارنىڭ تىرىشىپ ياخشى ئىشلارنى قىلىشى ، ھەم ئۆزىنىڭ قەلبىنى پاكلاشتۇرىدىغان ھەم جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقىغا پايدىلىق ئىش. شۇنداقلا مۇسۇلمانلار مۇسۇلمانلار ئارىسىدىلا ياخشى ئىش قىلىپ قالماستىن، غەيرى مۇسۇلمانلارغىمۇ ياخشى ئىش قىلىشى كېرەك، چۈنكى ئىسلام دىنىدىكى خەير-ساخاۋەت (ياخشى ئىش قىلىش) كەڭ مەنىگە، كەڭ كۆلەملىك ئىجتىمائىيلىققا ئىگە . «قۇرئان كەرىم»دە مۇھەممەد پەيغەمبەرگە:''ۋە ئەھسەن كەمە ئەھسەنەللاھۇ ئىلەيكە (ئاللا ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك،سەن<ئاللانىڭ بەندىلىرىگىمۇ>ياخشىلىق قىلغىن)'' دەپ ۋەھيى بېرىلگەن.

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلاردىن ياخشى ئىشلار ئۈچۈن تىرىشىپ ياردەملىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە:'' ياخشى ئىش ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار'' دېيىلگەن. ئومۇمەن، بەخت-سائادەتكە پايدىلىق ئىشلار، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ھەم يۈكسىلىشىگە پايدىلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى''ياخشى ئىش'' بولۇپ ، مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئاكتىپ مەدەتكار بولۇشى ۋە ياردەملىشىشى كېرەك. ئەكسىچە، ئومۇمەن مىللەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، يۈكسىلىشىگە ۋە راۋاجلىنىشىغا پايدىسىز ئىشلار، مىللەتلەر ئارىسىدا زىددىيەت ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى''جىنايەت ۋە زۇلۇم'' بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە قارشى تۇرۇشى ۋە بۇ ئىشلاردىن چەك-چېگرا ئاجرىتىشى كېرەك.

**ئالتىنچى، بىلىمگە ئىنتىلىش روھى.** يېڭى بىلىملەرنى ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش،يېڭى شەيئىلەرنى قوبۇل قىلىش—ئىسلام دىنى ئىزچىل تەرغىب قىلىدىغان ئېسىل ئەنئەنە.بۇ ھەقتە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ نۇرغۇن باياناتلىرى بار، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:''ئۇتلۇب بىل ئىلىم مىنەلمەھدى ئىلەللەھدى(بىلىم ئېلىش بۆشۈكتىن لەھەتكىچە بولۇر)'' ،''ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر مۇسۇلمان ئەر-ئايال ئۈچۈن پەرزدۇر''، ''بىلىم— مۇسۇلمانلار يوقىتىپ قويغان تۆگە، مەيلى قانداق جايدا بولسۇن، ئۇنى ئىزدەپ تېپىش مۇسۇلمانلارغا ھەقلىق''. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلاردىن دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشنىلا تەلەپ قىلىپ قالماي، يەنە ئۆز مىللىتىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق تۈرلۈك بىلىملەرنى، جۈملىدىن، ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. ئىسلام دىنى باشقا مەدەنىيەتلەرگىمۇ ناھايىتى ھۆرمەت قىلىدۇ، باشقا مەدەنىيەت مۇۋاپپەقىيەتلىرىنى تىرىشىپ قوبۇل قىلىدۇ. مۇسۇلمان ئالىملىرى قەدىمقى گېرتسىيە، ئىران، ھىندىستانلارنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىپ چىقىپ، بۇ ئەسەرلەرنى مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق ئىلىم دەپ قارىغان، بۇ مەدەنىيەتلەرنى مۇسۇلمانلار ئىجاد قىلمىغان دەپ ھەرگىز چەتكە قاقمىغان. ئىسلام دىنى جۇڭگوغا تېخى تارقالمىغان چاغدىلا ، مۇھەممەد پەيغەمبەر:''ئۇتلۇب بىل ئىلىم ۋەلەۋ فىسسىن، يەنى بىلىم يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ تەھسىل قىلىڭلار'' دېگەنىدى. شۇڭا ئەگەر دىنىي بىلىملەرنىلا ئۆگىنىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەكىتلىنىپ، ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلىش رەت قىلىنسا، باشقا مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلىش رەت قىلىنسا، بېكىنمىچىلىك قىلىپ، دەۋرنىڭ ئارقىدا قالسا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە يۈكسىلىشىگە ئىنتايىن پايدىسىز بولىدۇ، بۇنداق قىلىش ئىسلام دىنى ئەقىدىسىگىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس.

**يەتتىنچى، ''ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت ئىزدەش'' روھى.** ئىسلام دىنى ئەمەلىيەتچىل دىن، ئۇ ھەم ئاخىرەتلىك (باقى دۇنيا)نى تەكىتلەيدۇ، ھەم بۇ دۇنيا (پانى دۇنيا) غا ئەھمىيەت بېرىدۇ. «ھەدىس شەرىپ»تە:''بۇ دۇنيالىقىڭ ئۈچۈن تىرىشقىن، گويا مەڭگۇ ياشايدىغاندەك؛ ئاخىرەتلىكىڭ ئۈچۈن تىرىشقىن، گويا ئەتىلا ئۆلىدىغاندەك''دېيىلگەن. شۇڭا ، ئىسلام دىنى ئەمگەك قىلىشنى ، تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى تەرغىب قىلىدۇ، بۇ دۇنيادا بەخت-سائادەتلىك ياشاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە:''كېچىنى لىباس قىلدۇق. كۈندۈزنى سىلەر تىرىكچىلىك قىلىدىغان (ۋاقىت) قىلدۇق''دېيىلگەن. بۇ ئىنسانلارغا شۈنى ئۇقتۇرىدۇكى، كۈندۈزدىن ئاكتىپ پايدىلىنىپ، تىرىشىپ ئەمگەك-خىزمەت قىلىپ، بۇ دۇنيانىڭ تىرىكچىلىكى ۋە تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. مۇھەممەد پەيغەمبەر بەزىلەرنىڭ ئەتىدىن كەچكىچە ئۇزاق ۋاقىت مەسچىتتە ناماز ئوقۇش ۋە ئىبادەت قىلىش بىلەنلا بولۇشىغا قارشى ئىدى، كىشىلەرنى تا ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە تىرىشىپ ئىشلەشكە دالالەت قىلغانىدى. ئۇ :''ئىكىۋاتقان بىر تال پالما كۆچىتى قولۇڭدا ۋاقتىدا، جېنىڭ تومشۇقۇڭغا كېلىپ قالسىمۇ، پۈتۈن تىرىشچانلىقىڭ بىلەن قولۇڭدىكى ئۇ كۆچەتنى ئىكىۋەت''دېگەنىدى.«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ:''ئىنسانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق''. بۇ يەردە ئىنسانلار مېڭە ئىشلىتىپ ، ئىنسانىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە قۇدرىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، قىيىنچىلىقتىن، ئوڭۇشسىزلىقلاردىن قورقماي، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن. نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزدە غەربىي رايوننى كەڭ دائىرىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈۋاتىدۇ. غەربىي شىمال رايونى مەملىكىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلار توپلۇشۇپ ئولتۇراقلاشقان جاي. كەڭ غەربىي شىمالنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىزنىڭ باش تارتقىلى بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز، شۇڭا بىز ئىسلام دىنىنىڭ بۇ دۇنيالىق ئۈچۈن تىرىشىش روھىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە، ھەممىمىز بىر نىيەتتە بولۇپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئەڭ ياخشى ئىشلەش ئارقىلىق غەربىي رايوننى كەڭ دائىرىدە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۆھپە قوشۇپ، سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىزنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم.

ئىسلام دىنىنىڭ باشقا تەرەپلەردىمۇ ئېسىل ئەنئەنىلىرى بار، مەسىلەن، ئىسلام دىنى پاك-دىيانەتلىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن:''ئى داۋۇد! سېنى بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە خەلىپە قىلدۇق، كىشىلەر ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشمىگىنكى ، ئۇ سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ''.«قۇرئان كەرىم»دە يەنە مۇنداق دېيىلگەن:'' ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر گۇناھقا ، زۇلۇم سېلىشقا ۋە ھارام يېيىشكە ئالدىرايدىغانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان! ئۇلارنىڭ زاھىدلىرى، ئەھبارلىرى نېمىشقا ئۇلارنى يالغان سۆزلەشتىن ، ھارام يېيىشتىن توسمايدۇ؟ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!''ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە ، شەخسىي نەپسىي خاھىش ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى بارلىق جىنايەتلەرنىڭ مەنبەسى، جەمئىيەتنى بۇلغايدىغان چىرىتكۈچ،

جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان غايەت زور توسالغۇ بولۇپ، ئۇنىڭدىن خالاس بولۇش كېرەك. موشۇنداق ئېسىل ئەنئەنىلەر ئاز ئەمەس. سىلەرنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ موشۇنداق ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى ئىرىشىپ تەشۋىق قىلىپ، دىنىي ئەسەبىيلەر تارقاتقان تۈرلۈك بىدئەت تەلىماتلارنىڭ ئامما ئىچىدىكى قايمۇقتۇرۇشى ۋە تەسىرىنى تازىلاپ، مۇسۇلمانلارنى ئۆزگىمۇ، باشقىلارغىمۇ توغرا مۇئامىلە قىلىشقا، ئۆز مىللىتى ۋە دۆلىتىنى قىزغىن سۆيۈشكە يېتەكلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. بىر ياخشى مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قانۇن-تۈزۈمگە رىئايە قىلىدىغان بىر ياخشى پۇقرا بولۇش، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، قانۇننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش لازىم. يۇقىرىقى تۆتنى قوغداش ھەر قانداق دىن ئېتىقادچىسى ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك توپ ھەرىكەت مىزانى.

شىنجاڭ مۇسۇلمانلار بىر قەدەر كۆپ ئاپتونوم رايون. بىر ئىمام، ئىسلام دىنى خادىمى بولۇش سۈپىتىڭلار بىلەن سىلەر كەڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ياشايسىلەر، سىلەرنىڭ ھەر بىر سۆز-ھەرىكىتىڭلار ئەتراپىڭلاردىكى ئاممىغا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنىڭ زىممەڭلەرگە مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ھەم تەربىيىلەشتەك يۈكسەك ۋەزىپە ۋە مۇقەددەس مەسئۇلىيەت يۈكلەنگەن. شۇڭا ھەر قايسى ياش ، ئوتتۇرا ياش ئىماملارنىڭ پىشقەدەم ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ياخشى ئەنئەنىسى ۋە ياخشى پەزىلەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە ئاۋۋالقىدەكلا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن؛ ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، قۇرئان كىتابلاردىكى دىنىي ئەقىدىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئىسلام روھىنى توغرا شەرھلەپ، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ، بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ چىرىتىشىگە تاقابىل تۇرۇشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن؛ دىنىي سىياسەت ۋە قانۇن، قائىدە-نىزاملارنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ھۆكۈمەتنىڭ، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشىغا ياردەملىشىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن؛ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، تۈرلۈك فاڭجېن-سىياسەتلەرنى ئوبدان تەشۋىق قىلىپ، كەڭ مۇسۇلمانلارنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، ئىگىلىك تەرەققىياتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە يارىتىڭلار!

**ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ...**

بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان ئايال خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا؛
بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان ئەر ئەبۇ بەكرى سىددىق؛
بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان ئۆسمۈر ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛
دىنىنى قوغداش يولىدا بىرىنچى بولۇپ ئوقيا ئاتقان باتۇر ئەبۇ ۋەققاس؛
دىنىنى قوغداش يولىدا بىرىنچى بولۇپ قىلىچىنى قىنىدىن چىقارغان باتۇر زۇبەير ئىبنى ئاۋۋام.
دىنىنى قوغداش يولىدا تۇنجى شېھىت بولغان ئايال سۇمەييە؛
بىرىنچى بولۇپ ئەلچى بولغان كىشى مۇسئاب ئىبنى ئامىر؛
بىرىنچى بولۇپ مەدىنىدە تۇغۇلغان مۇھاجىرنىڭ ئوغلى ئابدۇللا ئىبنى ئەلزۇبەير؛
بىرىنچى بولۇپ «قۇرئان كەرىم» نى قىرائەت قىلغۇچى ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد؛
بىرىنچى بولۇپ ئەرەب يېزىقى ھەرپلىرىگە ھەرىكىلەرنى قويغۇچى ئەبۇ ئەل ئەس. (ماتىرىيالدىن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارىدى.كۆپچىلىك يەنە: بىر كىچىك مۇسۇلمان دۆلىتىدىمۇ پەتىۋا ھەيئ… تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇ شۇ دۆلەتتىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدە ئۇچرىغان قىيىن مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ ئىزاھلاشقا مەسئۇل بولىدۇ، 20 مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمان نوپۇسىغا ئىگە دۆلىتىمىزدە ئىسلام دىنى ساھەسىدە ئۇچرىغان قىيىن مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرىدىغان چوقۇم بىر نوپۇزلۇق ئورگان بولۇشى كېرەك دەپ قارىدى. ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىگە قارىتا، كۆپچىلىك نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى. يىغىندا ھەيئەت ئەزالىرى يەنە بەزى كونكرېت مەسىلىلەر ئۈستىدە قىزغىن مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

يىغىن ئېچىلىش ھارپىسىدا، يەنى 4-ئاينىڭ 22-كۈنى بېيجىڭدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىرى يىغىنى ئېچىلغانىدى. يىغىنغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ، مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ھارۇنخان داموللا ھاجى، مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى، ئەلى لىۇ شۇشياڭ، مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي(قوشۇمچە باش كاتىپ)، ھەبىبۇللا شې شىگلىن، ئابدۇللا خەن شېڭگۈي، ھاجى ئەكبەر قوگۇر، يۇنۇس مالياگجى ، مۇھەممەد سەئىد مايۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجى، ئىبراھىم ۋۇ يىپې، يۈسۈپ لىۇ باۋجى، ئىبراھىم دىڭ ۋېنفاڭ، نىياز قارىي ھاجى، ئابدۇللا لى خۇگېن قاتارلىقلار قاتناشتى، يىغىنغا يەنە جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىلىرىدىن مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن، نوئمان ماشيەن، ئابدۇرەھىم ئىمىن قاتارلىقلار قاتناشتى.يىغىنغا رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئالدى بىلەن كۆپچىلىككە جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى تەسىس قىلىشنىڭ سەۋەبى ۋە مەقسىتى ھەم تەييارلىق خىزمەت ئەھۋالىدىن چۈشەنچە بەردى. يىغىندا« جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ خىزمەت نىزامى»پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللاندى. جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى ئىسىملىكى ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللاندى. يىغىندا مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپ مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەت ئالماشقاندىن بۇيانقى خىزمەت ئەھۋالىدىن دوكلات قىلدى ۋە 2001-يىللىق خىزمەت پىلانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى سۆزلەپ ئۆتتى.

جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى2001-يىل 4-ئاينىڭ 24-كۈنىدىن 27-كۈنىگىچە بېيجىڭدا بىرىنچى قېتىملىق ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ بارلىق ئەزالىرى ھەمدە شىنجاڭدىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئىسلام ئالىمى مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇلېتىپ داموللا ھاجى ، ئىسلام دىنى تەتقىقاتچىسى ھاجى خوجا ئابدۇللا ئوسمان قاتارلىق ئالىم-ئۆلىمالار، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 1-مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گوچېڭجېن قاتارلىقلار قاتناشتى.

يىغىن مەزگىلىدە ھەيئەت ئەزالىرى ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ خىزمەت نىزامىغا بىرلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتچانلىق پوزىتسىيىسى بىلەن كەڭ-كۈشادە پىكىر قىلىپ، ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى بەردى. يىغىن مەزگىلىدە ھەيئەت ئەزالىرى يەنە ئىسلام دىنى شەرىئىتىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسلىنىپ، يېڭى ۋەزىيەتتە پەيدا بولغان مەسىلىلەرنى قىزغىن مۇزاكىرە قىلدى ھەم ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇردى.

يىغىن مەزگىلىدە سىچۈەن، يۈننەن قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە مۇسۇلمانلار ئارقا-ئارقىدىن تېلېفون-تېلېگرامما بېرىپ يىغىننى قۇتلۇقلىدى.( ھاجى بارات رەجەپ)

# جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ

## مۇدىر،مۇئاۋىن مۇدىر،ھەيئەت ئەزا،ئىجرائىيە كاتىپىنىڭ ئىسىملىكى

مۇدىر: **ھىلاللىددىن چېن گۇاڭيۈەن** (خۇيزۇ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇدىرى، بېيجىڭ دۇڭسى مەسچىتىنىڭ ئىمامى)

مۇئاۋىن مۇدىر: **ھارۇنخان داموللا ھاجى** (ئۇيغۇر، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خاتىپى)

**مۇھەممەد سەئىد مايۈنفۇ** (خۇيزۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

### ھەيئەت ئەزاسى (16 نەپەر)

**ھىلاللىددىن چېن گۇاڭيۈەن**

**ھارۇنخان داموللا ھاجى**

**مۇھەممەد سەئىد مايۈنفۇ**

**ئەبەيدۇللا مۇھەممەد نىياز داموللا** (ئۇيغۇر، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بۇگۇر ناھىيە بازار جامەنىڭ ئىمامى)

**يۇنۇس قۇربان داموللا ھاجى** (ئۇيغۇر، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى،ئاقسۇ شەھەرلىك جامەنىڭ خاتىپ ۋە ئىمامى)

**سادىق قارىي ھاجى** (ئۇيغۇر، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۇئاۋىن رەئىسى، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خاتىپى)

**نوئمان ماشيەن** (خۇيزۇ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى)

**ھەبىبۇللا شى شىڭلىن** ( خۇيزۇ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى)

**ھاجى ئەكبەر قوڭۇر** (قازاق، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بۇرۇلتوقاي بازار مەسچىتىنىڭ ئىمامى)

**نىياز قارىي ھاجى** (قىرغىز، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاقتۇ ناھىيە قارا كېچىك يېزا جامەسىنىڭ خاتىپى)

**ئابدۇللا ماچاڭچىڭ** (خۇيزۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، چىڭخەي ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، چىڭخەي ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

**يۈسۈف مائەنتەي** ( خۇيزۇ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۈرۈمچى شەنشى جامەسىنىڭ ئىمامى)

**ئىبراھىم مارىنبىن** ( خۇيزۇ، شاڭخەي شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، شاڭخەي شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى)

**مۇھەممەد نۇرىددىن مىن شېڭگۇاڭ** (خۇيزۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، گەنسۇ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، گەنسۇ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

**سۇلايمان ما كەيشيەن** ( خۇيزۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، يۈننەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، يۈننەن ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى)

**مۇسا نۇرىددىن لۈي جىنخۇ** ( خېنەن ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، خېنەن ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى)

ئىجرائىيە كاتىپى: **مۇھەممەد سەئىد مايۈنفۇ**

# جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ خىزمەت نىزامى

1. **نامى:** جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى

2. **ئاساسىي مەقسىتى:** خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، قانۇننىڭ ئىززەت-ئابرويىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش پرىنسىپى بويىچە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشىغا ياردەملىشىش، ئاساسىي قانۇن، قانۇن-نىزام ۋە سىياسەتلەر دائىرىسىدە، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرى ۋە ئۆلىمالارنىڭ مەزمۇنلىرىغا ئاساسلىنىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ،مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىسلام ھىدايىتىنى (توغرا يولىنى) تەشۋىق قىلىش، ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ ئەسەبىيلىك قىلىشقا قارشى تۇرۇش، ئىسلام ئېتىقادىنىڭ ساپلىقىنى قوغداش، ئىتتىپاقلىق ئاساسىدا دىنىي ئىشلارنى يولغا قويۇش، مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، دىنىي ئىشلارنى ئۆزى يولغا قويۇش، مەملىكىتىمىزدە ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

3. **ۋەزىپىسى:** دۆلەت ئىچىدىكى ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش. بۇ تۆۋەندىكى ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: قىرائەت مۇسابىقىسى، ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش، ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىش؛ ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىغا ۋە ئۆلىمالارنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلىنىپ، دىنىي ئەقىدە، دىنىي ئەھكام جەھەتتە ھازىرقى زامان جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى دىنىي تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا يولۇققان يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ ، دىنىي مەسىلىلەر جەھەتتە ئامما ئارىسىدا بولۇۋاتقان خاتا چۈشەنچە ۋە قالايمىقانچىلىقلارنى تۈگىتىپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش؛ خەلقئارادىكى پەتىۋالارنىڭ نەتىجىلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئەينەك قىلىش؛ ۋەز سۆزلەش نۇسخىلىرىنى تۈزۈش ۋە نەشر قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇش ھەمدە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش، مەسچىتلەردە سۆزلىنىدىغان ۋەز مەزمۇنلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش؛ ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىدىغان كىتاب-ژۇرناللارنى تۈزۈشكە ، تەرجىمە قىلىشقا، تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

4. **تەشكىلىي شەكلى:** جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قارمىقىدا تەسىس قىلىنغان مەخسۇس ھەيئەت بولۇپ ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرىدۇ. ھەيئەت 15 تىن 20 گىچە ئاتاقلىق، ۋەتەنپەرۋەر ئىسلام دىنى زاتلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ؛ ئۇنىڭ ئەزالىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ، ئۇلار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، باش كاتىپى بىرلىكتە ئىمزا قويۇپ تارقاتقان تەكلىپنامە ئارقىلىق ئېتىراپ قىلىنىدۇ، تەكلىپنامىنىڭ ئىناۋەتلىك مۇددىتى تۆت يىل. ھەيئەتتە بىر نەپەر مۇدىر تەسىس قىلىنىدۇ، مۇدىرلىقنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ، بىر قانچە نەپەر مۇئاۋىن مۇدىر، بىر نەپەر ئىجرائىيە كاتىپى تەسىس قىلىنىدۇ، ھەيئەت قارمىقىدا كاتىبات گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىپ، ھەيئەتكە ھەمكارلىشىپ كۈندىلىك خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرىدۇ.

5. مەزكۇر نىزام جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەئىسلىرى يىغىنىدا ماقۇللانغاندىن كېيىن يولغا قويۇلىدۇ، نىزامنى چۈشەندۈرۈشكە رەئىسلەر خىزمەت يىغىنى مەسئۇل بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىسلام دىنىنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئەدەب-ئەخلاق ئىدىيىسى ۋە ئۇنىڭ دەۋرىمىزدىكى ئەھمىيىتى توغرىسىدا

فېڭ خۇەيشىن

ئېكولوگىيىلىك ئەدەب-ئەخلاق غەرب ئەللىرىدە موشۇ ئەسىرنىڭ 30-، 40- يىللىرىدا مەيدانغا كەلگەن يېڭى پەن بولۇپ، ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، هازىرقى جەمئىيەتتىكى ئېكولوگىيىلىك بوھرانغا خاتىمە بېرىش ئارقىلىق ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىنى داۋاملىق ساقلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە شەرق مىللەتلىرى ئاللىبۇرۇنلا ئۆزىنىڭ تەگداشسىز ئەقىل- پاراستى ئارقىلىق ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ ماسلىششچانلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلىگەن بولغۇنكى كۆندىمۇ، بۇ ئىدىيە-ئۇتۇقلار ئىنسانىيەتنىڭ ئېكولوگىيىلىك مەدەنىيەتكە قەدەم قويۇشىدىكى تاڭ نۇرى بولۇشتەك رولىنى يوقاتمىدى. بۇ مەنىۋي بايلىقلارنى قوبۇل قىلىش ئىنسانلارنىڭ هازىرقى زامان ئېكولوگىيىلىك مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈدىغان يېڭى كۆز قاراش، ئورتاق يېڭى چۈشەنچىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ، كۆپ خىل مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن ئېكولوگىيىلىك ئەدەب-ئەخلاق قىممىتى سىستېمىسىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشقا پايدىلىق. ئىسلام مەدەنىيىتى ''ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ ماسلىشىپ بىرلىككە كېلىشىنى تەكىتلەش، جانلىقلارنى رەھىمدىللىك بىلەن قوغداشنى تەشەببۇس قىلىش، مۇھىت تازىلىقىغا ئەهمىيەت بېرىش، تەبىئەتنى ئېچىش بىلەن تەبىئەتنى قوغداشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش'' قاتارلىق روشەن ئېكولوگىيىلىك ئەدەب-ئەخلاق تۈسىنى ئالغان ئىدىيىلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەنلىكتىن، مۇقەررەر هالدا يېڭى ئېكولوگىيىلىك ئەدەب-ئەخلاق قىممىتى سىستېمىسىنى بەرپا قىلغۇچى ئورگانىك مەزمۇنغا ئايلانغان؛ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ''ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ ماسلىشىش مۇناسىۋىتىنى تەگشەش'' جەهەتتە ئەكس ئەتتۈرگەن كۈچلۈك كائىنات ئېڭى ۋە ئېكولوگىيىلىك هېسسىياتى، شۈبهىسىزكى، ساغلام يېڭى ئىدىيىنىڭ بۇلىقى بولۇپ، دەۋرىمىزنىڭ ئېكولوگىيىلىك مەدەنىيەت گۈلىنى سۇغۇرۇش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ئېڭىنى ئاشۇرۇش، مۇھىت ئاسراشنى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇشتا چوقۇم ئىلھاملاندۇرۇش، ئۈلگە بولۇش ۋە تەلىم بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

## 1. ''ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ ماسلىشىپ بىرلىككە كېلىشى'' دىكى ئېكولوگىيىلىك تەبىئەت قارىشى

ئىسلام مەدەنىيىتى پۈتۈن بىر گەۋدىنى ماسلاشتۇرۇشقا ئەهمىيەت بېرىشتەك روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە، بۇ ئالاھىدىلىك ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيا قارىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە بۇ هەقتە مۇنداق ئوچۇق جاكارلانغان: '' **ئاللاه ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە**

**ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتتى...**" (سۈرە «سەجدە» {32-سۈرە}، 4-ئايەت).

"**ئۇ (ئاللاھ) ھەممە نەرسىنى چىرايلىق (يەنى ھېكمەتكە مۇۋاپىق، جايىدا) ياراتتى. دەسلەپتە ئىنساننى (يەنى ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) لايدىن ياراتتى. ئاندىن ئۇنىڭ نەسلىنى ئەرزىمەس سۇنىڭ جەۋھىرى (يەنى مەنى) دىن ياراتتى**" (سۈرە «سەجدە»، {32-سۈرە}، 7-، 8-ئايەتلەر). ئاللاھ كائىناتتىكى بارلىق مەخلۇقات ۋە ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچىسى، بارلىق مەخلۇقات ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىپتىداسىمۇ ئاللاھدىن، ئىنتىھاسىمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھى بولىدۇ. دۇنيا بىردەكلىككە ۋە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگىدۇر. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق تەرىپلەنگەن: "**مېھرىبان ئاللاھنىڭ يارىتىشىدا ھېچ نۇقسانىنى كۆرمەيسەن**" (سۈرە «مۇلك» {67-سۈرە}، 3-ئايەت). "**يەر يۈزىنى يېيىپ كەڭ قىلدۇق، ئۇنىڭغا تاغلارنى ئورناتتۇق، يەر يۈزىدە ھەر خىل تەكشى ئۆلچەملىك ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق**" (سۈرە «ھىجر» {15-سۈرە}، 19-ئايەت). ئايەتلەردە يەنە، ئالەم بوشلۇقىدىكى مىلياردلىغان يۇلتۇزلارنىڭ ناھايىتى توغرا، سىرلىق ھالدا ئۆزىنىڭ ئوربىتالىرىدا ئايلىنىپ، سىرلىق تەرتىپنى ھاسىل قىلىدىغانلىقى؛ يەر شارىدىكى كۈندۈز، كېچە، باھار، ياز، قىش ئەتىياز پەسلىنىڭ قەرەللىك ھالدا ئالمىشىپ تۇرىدىغانلىقى؛ زېمىندىكى قۇياش نۇرى، يامغۇر، قىرولارنىڭ بولۇشى، ئوت-چۆپ، دەل-دەرەخلەرنىڭ باراقسان ئۆسۈشى، ئۇچار قۇش، ھايۋاناتلارنىڭ تىرىكچىلىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىنسانلارغا ئاللاھ ياراتقان ئاسمان-زېمىن ۋە جىمى مەۋجۇداتلارنىڭ ماسلىشىشچانلىقىنى بىلىندۇرۇپ تۇرىدىغانلىقى كۆپ قېتىم تەكىتلەنگەن. ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە: ئاللاھ ياراتقان دۇنيادىكى ھاياتلىق جۇش ئۇرۇپ گۈللىنىدۇ، كېلىمات كۆپ خىل ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ؛ ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنىڭ ھەر بىرى ئۆز ئورنىنى تاپقان بولۇپ، تەرتىپلىك ھالدا ئۆز تەكپۇكلۇقىنى ساقلايدۇ، ئاي، كۈن، يۇلتۇزلار، تاغ، ئېدىر، دەريا، كۆل، مەدەن، باغلاردىن تارتىپ، ھاۋا، كۈن نۇرى، سۇ، شۇنداقلا ئادەملەر، جانلىقلار، ھايۋاناتلار، ئۆسۈملۈكلەرگىچە ھەممىسى ئۆز ئارا تەرتىپلىك ئۇيغۇنلاشقان، مۇكەممەل ماسلاشقان بىر ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنى ئورتاق ھاسىل قىلغان.

مۇكەممەل ماسلاشقان ئالەم سىستېمىسى ئىچىدە تەبىئىي مەخلۇقاتلار ئۆزىگە خاس ئورۇن ۋە ئىچكى قىممەتكە ئىگە. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق كۆرسىتىلگەن: "**ئۇ (پۈتۈن مەخلۇقاتنى) ياراتتى، (ئۇلارنى) بېجىرىم (يەنى چىرايلىق ۋە مۇناسىپ شەكىلدە) قىلدى**" (سۈرە «ئەئلا» {87-سۈرە}، 2-ئايەت). "**ئۇ (ئاللاھ) ھەممە نەرسىنى چىرايلىق (يەنى ھېكمەتكە مۇۋاپىق، جايىدا) ياراتتى...**" (سۈرە «سەجدە» {32-سۈرە}، 7-ئايەت). ئىسلام دىنىدا تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مۇقەددەسلىكى، مۇكەممەللىكى ئېنىق ئېتىراپ قىلىنغان بولۇپ، ئۇ شۇنداق دەپ قارايدۇكى: تەبىئەت دۇنياسى ئاللاھنىڭ بۈيۈك ئەسىرى، ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرگۈچى ھاياتىي گەۋدە، تەبىئىي مەۋجۇداتلار ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە قۇدرىتىنى مەدھىيىلىگۈچى ۋە نامايەندىسى بولۇپ، ئاللاھنىڭ شانۇ-شەۋكىتى ۋە ئۇلۇغلۇقىنىڭ شاھىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ماسلىشىشچانلىقى، مۇۋازىنەتلىك ھالىتى ئارقىلىق، ئاللاھنىڭ كامالەتلىك ئىجادكارلىقىنى نامايان قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "**ئاللاھ زېمىندا تۆرلۈك جانىدارلارنى ياراتتى، بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن زېمىندا تۆرلۈك پايدىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق**" (سۈرە «لوقمان» {31-سۈرە}، 10-ئايەت). "**ئاللاھ ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر (ئۇلارنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ)**" (سۈرە «زۇمەر» {39-سۈرە}، 62-ئايەت). "**مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر**" (سۈرە «ئال ئىمران» {3-سۈرە}، 2-ئايەت). شۇڭلاشقا تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئىچكى قىممەتكە ئىگە بولىدۇ، بۇ خىل ئىچكى قىممەت ئاللاھنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى ۋە ھامىيلىق ھوقۇقى ئارقىلىقلا تونۇلىدۇ، بۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ رېئال قىممىتىنى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىپ، تەبىئىي مەۋجۇداتلارغا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇش، ياشاش ۋە كۆپىيىش ھوقۇقىنى ئاتا قىلىدۇ، شۇنداقلا ئىنسانلاردىن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بۇ خىل ھوقۇق- ئىمتىيازىغا ھۆرمەت قىلىپ، تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ماسلىشىپ بىرگە تۇرۇپ، ئورتاق ياشاپ، ئورتاق گۈللىنىپ، ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام مەدەنىيىتى بىر تەرەپتىن ئىنسانلارنى تەبىئەت دۇنياسىدىن بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئەقلىي قابىلىيەت جەھەتتە ئىنسانلارنىڭ ئەركىن ئىرادىلىك بولۇش، تەپەككۇر قىلىش قاتارلىق ئالاھىدە سەزگۈرلۈككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ ياراتقان ئەڭ بۈيۈك تىپ، ئالەمنىڭ جەۋھىرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە قارىتا ھالقىشچانلىققا ئىگە بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنسانلارنىڭ بارلىق مەۋجۇداتلار دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى، ئىنسانلارنىڭمۇ بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلار بىلەن باشقا بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئورتاق ئىپتىدا ۋە ئىنتىھادا بولۇپ، بىر ئائىلىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق كۆرسىتىلىدۇ: ''**ئاللاھ يەر تەۋرەپ سىلەرنى خاتىرجەمسىز قىلمىسۇن دەپ، يەردە تاغلارنى ئورناتتى...**''( سۈرە«لوقمان»{31- سۈرە}،10- ئايەت)؛ ''**بىز زېمىندا ئۈرغۈنلىغان خورما باغلىرىنى، ئۈزۈم باغلىرىنى بەرپا قىلدۇق، شۇ زېمىندا بۇلاقلارنى ئېقىتتۇق. ئۇلار ئۇنىڭ(يەنى باغلارنىڭ) مېۋىسىنى يېسۇن...**''(سۈرە«ياسىن»{36- سۈرە} 34-،35-ئايەت). ئاللاھ ياراتقان تەبىئىي مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ لازىمەتلىكلىرى، دوستى، ئىنسانلار بىلەن تەبىئىي مەۋجۇداتلار بىر-بىرىگە تايىنىدۇ، بىر-بىرىگە زىچ باغلىنىپ تۇرىدۇ. دەل موشۇنداق ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت دۇنياسى ئۆز ئارا يىلتىزداشلىق، بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، ئۆز ئارا يۆلەك بولۇشتەك دوستانە كەيپىيات ئىچىدە، بۇ دۇنيا ماسلىشىپ بىرلىككە كەلگەن بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاللاھنىڭ سىرلىق يارىتىش قۇدرىتىنىڭ مۇكەممەللىكى تولۇق نامايان قىلىنغان.

ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى كۈنسېرى ناچارلىشىۋاتقان ھازىرقى جەمئىيەتتە، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاسمان-زېمىن ۋە بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ماسلىشىپ بىرگەۋدە ھاسىل قىلىش توغرىسىدىكى تەلىماتى ''ئىنسانى مەركەز قىلىش'' تەك تار كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت ماسلىشىش ئاساسىدا بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتەك ئومۇمىيلىق ئېڭىنى تىكلەشكە، مۇھىت ئاسراش ئېڭىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولۇپ، ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ يېڭىچە ئېكولوگىيىلىك مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىپ، نورمال ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداشقا نىسبەتەن ناھايىتى زور ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇزۇندىن بېرى ''ئىنسانى مەركەز قىلىش'' ئىدىيىسىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا، بىر قىسىم كىشىلەر تەبىئەت دۇنياسىنى ئىنسانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قورال دەپ قاراپ، قورالچىلىق قىممەت پەلسەپىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك ماسلىشىشچانلىققا سەل قاراپ''تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش'' ۋە ''قورال ئىدراكچانلىقى'' نى دەۋر مودىسىغا ئايلاندۇرۇش بىلەن ئۇنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويۇپ، ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئېغىر

تەڭپۇڭسىزلىقى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيە بوھرانىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىۋەتتى، نەتىجىدە يەرشارى خاراكتېرلىك ئېكولوگىيىلىك پۈتكۈل مۇھىت بۇلغىنىشى ۋە بۇزغۇنچىلىقى كىشىلەرنى غەمگە سالىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى، ئەگەر كونا قىممەت قارىشى ۋە تونۇش ئۇسۇلى يەنىلا ئۆزگەرتىلمەي، توغرا بولغان ئېكولوگىيىلىك تەبىئەت قارىشى تۇرغۇزۇلمايدىكەن، ئىنسانلار ئاقىۋەتتە تەبىئەتنىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچرايدۇ. ئىسلام مەدەنىيىتى ئالەمنى ماسلىشىشچانلىققا ئىگە بىر گەۋدە دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارغا تەڭ قارايدۇ، ھەم ئىنسانلارنىڭ ئىگىدارچىلىق رولىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ھەم تەبىئەت ئېكولوگىيىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئىچكى قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، ئاسمان-زېمىن ۋە بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئىنسانلارغا كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئاتا-ئانا، ھاياتلىق مەنبەسى دەپ قارايدۇ. بۇ ئىدىيە كۆز-قاراشلار مۇقەررەركى، كىشىلەرنىڭ مۆگدەك ئىچىدىكى ئەقىل-ئىدرىكىنى باھار شامىلىدەك ئويغىتىدۇ. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئېكولوگىيىلىك قاراش ھەققىدىكى توغرا كۆز قاراش ۋە قىممەت يۈزلىنىشىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش ۋە تەشۋىق قىلىش، چوقۇم كەڭ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ دۇنيانىڭ بىر پۈتۈنلۈكى كۆز قارىشى، ئېكولوگىيىلىك ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، كىشىلەرنىڭ ئەسلىدىكى كونا، ئەنئەنىۋي كۆز قاراش ۋە ئىدىيە-ئېڭىنى تۈپ نېگىزىدىن يېڭىلاپ، ”ئىنساننى مەركەز قىلىش“ ۋە ”قۇرال ئىدراكچانلىقى“نىڭ كۆز قاراش جەھەتتىكى خاتالىقلىرىنى يېڭىشقا قارىتا تەربىيىلىك، تۈرتكىلىك رول ئويناپ، يېڭى ئېكولوگىيىلىك تەبىئەت قارىشىنىڭ قىممەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى ئالغا سۈرىدۇ.

### 2. ”جانلىقلارنى ئاسراپ، تەبىئەتنى مۇۋاپىق ئىچىش“ تىكى ئېكولوگىيىلىك ئەدەپ-ئەخلاق كۆز قارىشى

ئىسلام مەدەنىيىتى دۇنيانىڭ ماسلاشقان ھالدىكى بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، ئىنسانلاردىن تەبىئىي مەۋجۇداتلارغا قارىتا مېھرىبانلىق ھېسسىياتىدا بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”**ئۇ (ئاللاھ) ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر**“ (سۈرە «نەبە» {78-سۈرە}، 37-ئايەت). ”**زېمىندىن بۇلاقلارنى ئاقتۇردى، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردى**“ (سۈرە «نازىئات» {79-سۈرە}، 31-ئايەت). ”**ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىلەرنىڭ ۋە ھايۋانلىرىڭلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن (ياراتتى)**“ (سۈرە «نازىئات» {79-سۈرە}، 33-ئايەت). ئىسلام دىنىدا بارلىق مەۋجۇداتلار ئاللاھ ياراتقان سەزگۈر، ھەرىكەتچان ھاياتلىق گەۋدىسى بولۇپ، ئىنسانلارغا ئوخشاشلا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ رەھمىتىنىڭ پەرۋىشى ئاستىدا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، ”ھەر قانداق بىر مەۋجۇداتنى كۆرۈش ئاللاھنى كۆرۈش، ھەر قانداق بىر مەۋجۇداتقا زەخمە يەتكۈزۈش ئاللاھقا زەخمە يەتكۈزۈشتۇر“، ئىنسانلار ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق مەۋجۇداتلارغا ئادىللىق ھەمكارلىق، دوستلۇق پوزىتسىيىسى بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، بولۇپمۇ ئېكولوگىيىلىك سىستېما ئىچىدىكى ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرنى قەدىرلەپ ئاسرىشى لازىم. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزگە خوشنىلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش، يولۇچىلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىش، ئۇرۇغ-تۇغقانلارغا ھەمدەمدە بولۇش، قېرى-ئاجىز، ئىگە-چاقىسىزلارنىڭ بېشىنى سىلاش، بارلىق جانلىقلارنى ئاسراشنى ئۆگەتكەن، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ۋە بارلىق تەبىئىي مەۋجۇداتلارغا رەھىمدىللىك قىلىشنى قايتا-قايتا تەلىم قىلغان، بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ كىچىك ھايۋانلارنى ئورۇنسىز ئۆلتۈرۈشىنى، مايسىلارنى يۇلسىز چېپىپ تاشلىشىنى ئالاھىدە مەنئىي قىلغان. ھەدىس شەرىفتە: ”ھەر قانداق بىر جانلىققا رەھىم-شەپقەت قىلىشنىڭ ساۋابى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولىدۇ'' دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۈندىلىك تۇرمۇشىدا نۇرغۇنلىغان ھايۋانلارنى ناھايىتى ياخشى ئاسرايتتى. مۈشۈكلەرنىڭ كىرىپ چىقىشى ئۈچۈن ھەر دائىم ئىشىكنى ئېچىپ قوياتتى، كەپتەرلەرنىڭ كېسىلىنى ئۆز قولى بىلەن داۋالايتتى، يېگى بىلەن ئاتلارنى قاشلاپ قوياتتى. بىر قېتىم بۆۋى ئائىشە بىر كېسەل تۆگىگە مىنىپ، بۇ تۆگىگە ئازراقلا قوپاللىق قىلىپ قويغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:''ھايۋانلارغا مۇلايىمراق بول'' دەپ، ئۇلۇغ كىشىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك مېھرىبانلىق، رەھىمدىللىك ۋە ئۇلۇغۋار ئىنسانپەرۋەرلىك قەلبىنى ئىپادىلىگەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەنە سەدىقە بېرىشنىڭ دائىرىسىنى باشقا جانلىقلارغىچە كېڭەيتكەن بولۇپ:'' ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان دەرەخ تىكسە ياكى زىرائەت تېرىسا ئۇنىڭدىن ئۇچار قۇشلار ياكى ئىنسانلار ياكى ھايۋانلار يېسە، ئۇ مۇسۇلمان ئۈچۈن ئۇ سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ''(بۇخارى رىۋايەت قىلغان) دەپ ھاياتىي مەۋجۇداتلارنى ئاسراشتەك مېھرىبانلىقنى نامايان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە «قۇرئان كەرىم» دە كىشىلەرگە:'' **زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە زىرائەتلەرنى، ھايۋانلارنى ھالاك قىلىش**''(سۈرە «بەقەرە»{2-سۈرە}، 2-ئايەت) لارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ ياقتۇرمايدىغان قىلمىشلار ئىكەنلىكى ئاگاھلاندۇرۇلۇپ، بۇ خىل قىلمىشلار ئېنىق پەرمانلار بىلەن قاتتىق چەكلەنگەن. ئىسلام دىنىدا يەنە ئېھراملىق چاغدا ياكى ھەرەمدە ئوۋ ئوۋلاشقا بولمايدىغانلىقى مەخسۇس بەلگىلەنگەن، «قۇرئان كەرىم» دە كىشىلەرنى:'' **لېكىن سىلەر ئېھرام(ياكى ھەرەم) دە بولغىنىڭلاردا شىكارنى ھالال سانىماڭلار**'' (سۈرە«مائىدە»{5-سۈرە}،1-ئايەت)دەپ ئاگاھلاندۇرۇلغان. بۇ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇچار قۇش،ھايۋانلارنى قەرەللىك قوغداشنىڭ ئىجتىمائىي ئۈلگىسىنى ئىپادىلىگەن.

ئىسلام مەدەنىيىتى تەبىئىي مەۋجۇداتلارنى قوغداش، تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بولغان ماسلىشىشچانلىق ئاساسىدىكى تەڭپۇڭلۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلاشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئاساستا، تەبىئەتنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى ئىگىللەشنى، تەبىئەت دۇنياسىنى مۇۋاپىق تۈردە ئېچىش، پايدىلىنىش ئارقىلىق ئىنسانلارغا بەخت يارىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە:'' **ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىكتۇر**''(سۈرە«رەئىدە»{13-سۈرە}، 8-ئايەت) دېيىلىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھەرىكەتلىنىپ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە بولىدۇ، قۇياشنىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ غەربكە پېتىشى، زېمىندا شامال چىقىشى ۋە يامغۇر يېغىشى، دېڭىزدا سۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ ھەم پەسىيىشى، تۆت پەسىلنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىي مەۋجۇت بولۇپ، بۇنىڭدا قىلچىمۇ سىر يوق، كىشىلەر بۇنىڭدىن قورقماسلىقى، بۇنىڭغا قارىغۇلارچە چوقۇنماسلىقى، بەلكى تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ سىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشى، بۇ جەھەتتە ئىزدىنىشى ۋە ئۇنى ئىگىللىشى كېرەك. «قۇرئان كەرىم»دە:''**ئېيتقىنكى،<ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار>**'' (سۈرە«يۇنۇس»{10-سۈرە}، 10-ئايەت)، ''**شۈبھىسىزكى ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ...**''(سۈرە«ئال ئىمران»{3-سۈرە}،191-ئايەت). «قۇرئان كەرىم»دە تەبىئەتنىڭ سىرلىرىنى كۆزىتىدىغان بىلىم '' ئەقىل'' دەپ ئاتىلىپ، ئىنسانلارنىڭ ئەقلى دەل تەبىئەت ھادىسىلىرىنى كۆزىتىش ۋە ئۇنى چۈشىنىش جەريانىدا نامايان بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ يېتەكلىشى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن كەڭ مۇسۇلمانلار خىلمۇ خىل ۋە مۇرەككەپ تەبىئەت ھادىسىلىرى ئالدىدا

ئېرىشىپ قالمىدى، تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرگە قارىغۇلارچە چوقۇنمىدى، بەلكى تەبىئەتكە ئېقىنلىشىش، تەبىئەتنى كۆزىتىش، تەبىئەتنىڭ سىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئارقىلىق تەبىئەتنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ ، ئاسترونومىيە، خىمىيە، فىزىكا، بوتانىكا قاتارلىق تەبىئىي پەنلەر تەتقىقاتى جەھەتتە غايەت زور مۇۋاپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئىسلام دىنى جۇڭگوغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى « قۇرئان كەرىم» ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، تەبىئەتنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئاكتىپ كۆزىتىش، ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، مىمارچىلىق (بىناكارلىق) مېدىتسىنا قاتارلىق ساھەلەردە ۋەتىنىمىز پەن-تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

ئىسلام مەدەنىيىتى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھىغا ئىگە بولۇپ، دۇنيانى ئۆزگەرتىشنى ھاياتلىقنى ئاۋۇتۇش، غايىۋى ئاخىرەتكە ئىنتىلىشنىڭ قىممەت نىشانىسى دەپ قاراپ، كىشىلەردىن تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئىگىلەش بىلەن بىرۋاقىتتا يەنە تەبىئەتنى ئېچىپ ، ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە: ''**ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى تۆشەك ۋە ئاسماننى بىنا ( يەنى يۇلتۇزلارنىڭ زىچلىقىدا بىناغا ئوخشاش) قىلىپ بەردى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، سىلەرگە رىزىق بولۇش ئۈچۈن يامغۇر ئارقىلىق تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى...**'' (سۈرە«بەقەرە»{2-سۈرە}،22-ئايەت)دەپ كۆرسىتىلگەن. يەنە ئۇنىڭدا: ''**ئاللاھ سىلەرنى دېڭىزنىڭ يېڭى گۆشلىرى ( يەنى بېلىقلىرى)نى يېسۇن، تاقايدىغان زىننەت بويۇملىرى (يەنى ئۈنچە-مارجانلار)نى چىقارسۇن دەپ سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى...**''(سۈرە«نەھل»{16-سۈرە}،14-ئايەت). دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. «قۇرئان كەرىم»دىكى ئايەتلەرگە ئاساسلانغاندا ، ئاسمان-زېمىن ئەسلىدە پۈتەي بولۇپ، ئاللاھ ئاسمان-زېمىننى ئايرىغان، كىشىلەرگە ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن، سۇدىن بارلىق جانلىقلارنى ياراتقان. ئاللاھ كۈن، ئاينى بويسۇندۇرۇپ، ئاسماننى بىخەتەر گۈمبەز شەكلىگە كەلتۈرگەن. زېمىندا يەر تەۋرەپ كىشىلەرنى پاراكەندە قىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن زېمىندا تاغلارنى ياراتقان؛ ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، زېمىندا تۈرلۈك پايدىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈپ، بۇنىڭ بىلەن ئېسىل باغلارنى بىنا قىلدۇرغان؛ ئاللاھ زېمىندا تۈرلۈك ھايۋاناتلارنى ياراتقان؛ ئاللاھ زېمىننى يارىتىپ، ئۇنى كىشىلەرنىڭ ئارامگاھىغا ئايلاندۇرغان، نۇرغۇنلىغان خورمىزارلىقلارنى، ئۈزۈمزارلىقلارنى ياراتقان، زېمىندا نۇرغۇنلىغان بۇلاقلارنى ، دەريا-ئېقىنلارنى ئاقتۇرغان. مانا بۇلار كىشىلەرگە پەقەت مۇۋاپىق ئېچىش ئارقىلىقلا تەبىئەت دۇنياسىدىن ماددىي بايلىق ۋە ئېنېرگىيىگە ئېرىشىپ، ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. بىراق تەبىئەتنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تەبىئەتتىن قالايمىقان پايدىلىنىشقا بولمايدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلار ۋە ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇداتلار ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن يارىتىلغان، ئىنسانلار بولسا ئاللاھنىڭ زېمىندىكى خەلىفىسى (ۋاكالەتەن باشقۇرغۇچىلىرى) بولۇپ، ھەرگىزمۇ دۇنيانىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى ئەمەس، ئاللاھ ئالدىدا ھەممە ئىنسانلار باراۋەر، ئىنسانلار بىلەن باشقا مەخلۇقاتلار باراۋەر، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق مەۋجۇداتلار پەقەت ئاللاھ ئاتا قىلغان تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەزەلدىن بار بولغان''تەرتىپ''كىلا ئىتائەت قىلىدۇ، ئىنسانلارنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى ئېچىش ئەركىنلىكى چەكلىك بولۇپ، نامۇۋاپىق شەخسىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەنپەئەتنى كۆزلەپ خالىغىنىچە ئىش قىلىشقا، ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىدىن ھالقىپ ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشقا، تەبىئەتنىڭ ماسلىشىشچانلىقى ۋە تەبىئەتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇشقا بولمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۇنۇملۇك قىلىپلاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئىسەنكىرەپ كېتىپ، دۇنيانىڭ تەڭپۇڭلۇقى ۋە ماسلىقىنى بۇزۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ''ئوتتۇرا يول تۇتۇش'' ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بىر تەرەپ قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ھەم ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي مەۋجۇداتلار بىلەن پەرقلىق بولغان ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ھەم ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ ماسلىشىشچانلىق ئاساسىدا بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى تەكىتلەيدۇ؛ ھەم ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتتىن پايدىلىنىپ، تۇرمۇش ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ھەم قىلچىمۇ تىزگىنلەنمەيدىغان نەپسىگە بېرىلىشكە قارشى تۇرىدۇ؛ ھەم تەبىئىي قانۇنىيەتلەرنى تونۇپ يېتىش ئاساسىدا تەبىئەتنى لايىق، مۇۋاپىق ھالدا ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ھەم تەبىئەتنى ئېچىش داۋامىدا ئورمانلارنى قالايمىقان كېسىش، ھايۋانلارنى قالايمىقان ئوۋلاپ، خالىغانچە ئۆلتۈرۈۋېتىشتەك يامان قىلمىشلارغا قارشى تۇرىدۇ. دېئالېكتىك تۈسكە ناھايىتى باي بولغان بۇ ئىدىيە-كۆز قاراشلار ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا يەنىلا جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىدىيە ۋە كۆز قاراشلار ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك بوھرانىدىكى جاھىل كېسەللەرنى داۋالاشتا جەھەتتە چوڭقۇر ئىلھاملاندۇرۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە.

''مەۋجۇداتلار تەڭ ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، ئەمما بىر-بىرىگە زەرەر يەتكۈزمەيدۇ، ئەقىدىلەر تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئەمما بىر-بىرىگە زىتلەنمەيدۇ، تەبىئەتتە خۇددى ئىنسانلارغا ئوخشاشلا ھاياتلىق مەۋجۇت'' دەپ قاراپ، ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئارا بىر-بىرىگە مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈپلا قالماستىن، يەنە ئاسمان-زېمىن، تەبىئەتنى سۆيۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، كىشىلەردىن بارلىق مەۋجۇداتلارغا مېھرىبانلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىدىيىلەر خۇددى شەبنەمدەك ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ قاغجىراپ كەتكەن قەلبىنى نەمدەپ، كىشىلەرنىڭ مېھىر-شەپقىتىنى ئويغىتىپ، كىشىلەرنى ئاگاھلىق ھالدا ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ئېڭىنى تىكلەشكە ئۈندەيدۇ. ئىسلام مەدەنىيىتى شۇنى تەشەببۇس قىلىدۇكى، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ھەم تەبىئەتكە ماسلىشىش، بۇ ئارقىلىق تەبىئەتنى تەڭشەپ، ئۇنى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش كېرەك، ھەم تەبىئەتكە باش ئەگمەسلىك، ھەم تەبىئەتكە بوزغۇنچىلىق قىلماسلىق، تەبىئەت بىلەن ئىنسانلارنىڭ ماسلىشىشىنى ئۆزىنىڭ غايىسىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك، ھەم ئارزۇ-ھەۋەسلەرنى چەكلىمەسلىك، ھەم ئارزۇ-ھەۋەسكە خالىغانچە بېرىلمەسلىك، بەلكى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىك نۇرى بىلەن ئىنسانلارنىڭ قەلب-ئىدرىكىنى پاكلاش ئارقىلىق ئىنسانلارنى بۇ دۇنيانىڭ ئارغىنە پايدا-مەنپەئەتلىرىدىن ساقىت بولغان، تىنچ-ئامان، ئەبەدىيلىك جەننەتكە باشلاش كېرەك. ''ئوتتۇرا يول'' پاراستى ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى قوزغاشقا پايدىلىق بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان ماسلىشىش مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى يېڭى تەپەككۇرنى ئاچىدۇ. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئىنساننى سۆيۈشتىن باشقا مەخلۇقاتلارنى سۆيۈشكىچە، بارلىق ئىنسانلارنى سۆيۈشتىن بارلىق باشقا مەخلۇقاتلارنى سۆيۈشكىچە بولغان مېھرىبانلىق غايىسى ۋە بىر پۈتۈن تەپەككۇر يۈزلىنىشى ئۇششاق گۇرۇھ مەنپەئەتىنى تۈگىتىشكە، كۆز ئالدىدىكى



مەنپەئەتنىلا قوغلىشىش خاھىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھېچنېمىگە قارىماي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ۋەيران قىلىشتەك يەرشارى خاراكتېرلىك ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى تۇسۇپ، ئىنسانىيەتنى ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش، ئورتاق ياشاش، ئورتاق گۈللىنىش جەريانىدا دۇچ كەلگەن ئورتاق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىشقا پايدىلىق.

### 3. ”ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ ماسلىشىپ بىرگە ياشىشى“ نىڭ غايىۋى ئېكولوگىيىلىك مەنزىلى

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بىر گەۋدە بولۇپ ماسلىشىشىنى تەشەببۇس قىلىشتەك ئېكولوگىيىلىك تەبىئەت كۆز قارىشى جەننەتنى ۋەكىللىك قىلغان غايىۋى ئېكولوگىيىلىك مەنزىلدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئىسلام دىنىدا جەننەت ئىنسان بىلەن تەبىئەت بىر گەۋدىلەشكەن ئالىي غايىۋى مەنزىل قىلىنغان. جەننەتتە: **”رەڭگى ئۆزگەرمىگەن سۇدىن ئۆستەڭلەر، تەمى ئۆزگەرمىگەن سۈتتىن ئۆستەڭلەر، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان مەيدىن ئۆستەڭلەر ۋە ساپ ھەسەلدىن ئۆستەڭلەر بولىدۇ...“** (سۈرە «مۇھەممەد» {47-سۈرە}، 15-ئايەت)، **”سىدرى دەرەخلىرى، سانجاق-سانجاق بولۇپ كەتكەن مەۋز دەرەخلىرى، ھەمىشە تۇرىدىغان سايە، ئېقىپ تۇرغان سۇ، تۈگىمەيدىغان ۋە چەكلەنمەيدىغان مېۋىلەر بار“** (سۈرە «ۋاقىئە» {56-سۈرە}، 28—34-ئايەتلەر)، **”شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار سايىلەردىن، بۇلاقلاردىن ۋە كۆڭلى تارتقان مېۋىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ“** («مۇرسەلات» {77-سۈرە}، 41-، 42-ئايەتلەر).

بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى ناھايىتى كۆركەم بولۇپ، ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ، خۇشپۇراقلار دائىم ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ، مېۋىلەر ھەر ۋاقىت پىشىپ تۇرىدۇ، ئوت-چۆپلەر بولۇق ئۆسۈپ، دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. گۈل-گىياھلار ئېچىلىپ، سۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە ئىنسان بىلەن تەبىئەتتىكى مەۋجۇداتلار ئۆز ئارا ماسلىشىپ بىر گەۋدىگە ئايلانغان بولۇپ، شاد-خۇراملىق مەڭگۈ ئۈزۈلمەيدۇ. بۇ ھال يېقىملىق ۋە ماسلاشقان، شۇنداقلا تەسىرلىك، گۈزەل ئېكولوگىيىلىك مەنزىرە رەسىمىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئىنسان بىلەن تەبىئەت مۇھىتىنىڭ قىل سىغماس دەرىجىدىكى يېقىنلىقى ۋە ئىناق ياشىشىدەك تەسىرلىك مەنزىرىنى جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن. «قۇرئان كەرىم»دە تەسۋىرلەنگەن جەننەتنىڭ بۇ خىل تەبىئەت ئېكولوگىيىسى گۈزەللىكىدىن، ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ ماسلىشىش ئاساسىدىكى ئېكولوگىيىلىك گۈزەللىكنى قەدىرلەش تۇيغۇسىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ خىل غايىۋي تەبىئەت ئېكولوگىيىسى ئۆرنىكى كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ماسلاشقان ئېكولوگىيىلىك مەنزىرىلەرنى يارىتىش قىزغىنلىقىنى ئويغاتقان ۋە ئىلھاملاندۇرغان بولۇپ، ئۇلار جەننەتكە تەقلىد قىلىنغان باغۇەنچىلىك سەنئىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ خىل باغۇەنچىلىكتە كۆكەرتىش ئاساسىي مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا فونتان بەرپا قىلىنغان، بۇلاق سۈيى يەر ئاستىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، سۇ، سۈت، شاراپ، ھەسەل ئۆستەڭلىرىدىن تۆت تەرەپكە قاراپ ئاقىدۇ؛ ئۆستەڭلەرنىڭ ئىككى قىرىغا ئىككى كىچىك يول جايلاشقان بولۇپ، ئۆستەڭلەر ئارقىلىق تۆتكە بۆلۈنگەن باغلار ئۆستەڭ ۋە كىچىك يوللاردىن تۆۋەن بولىدۇ، گۈللەرنىڭ ئۇچى ئۆستەڭ ۋە كىچىك يوللار بىلەن تەڭلىشىپ تۇرىدىغان بولۇپ، قارىماققا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەڭلىك گىلەملەرگە ئوخشايدۇ؛ باغلاردا دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھلار بۈك-باراقسان ئۆسۈپ سايە تاشلاپ تۇرىدۇ، ھەممە جايدا تۈرلۈك گۈل-گىياھلا ئۆستۈرۈلىدۇ، يېڭى-تاتلىق مېۋىلەر باغ ئىچىگە خۇشپۇراق چېچىپ تۇرىدۇ، راۋاقلارنىڭ سىماسى سۇدا جۇلالىنىپ تۇرىدۇ، ئېسىل گۈل-گىياھ، قىممەتلىك دەل-دەرەخلەر كۆل بويلىرىدا تەبىئىي ئۆسۈپ، باراقسانلىشىپ تۇرىدۇ. پۈتۈن باغ مەنزىرىسى يېقىملىق، نەپىس،

تىنچ كەيپىياتنى نامايەن قىلىدىغان بولۇپ، قۇرغاق، ئىسسىق چۆللۈكتە كىشىلەرگە سالقىنلىق ئاتا قىلىپ، كىشىلەرنى ھاياتلىق بەرپا قىلغان گۈزەللىكنىڭ تۈگىمەس خۇشاللىقلىرىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ. ئۇندىن باشقا مەسچىتلەرنىڭ يېشىل رەڭنى ئاساس قىلغان تۈزۈلۈشى ۋە ئەزەن راۋىقىدىكى ھىلال ئاي؛ تۈپتۈز كەتكەن ئېتىز-ئېرىقلار ۋە سېمىز قوي-كالىلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئېكولوگىيىلىك ماسلىشىشچانلىق گۈزەللىكىنى نامايەن قىلىدىغان تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەردۇر.

دەل موشۇنداق ئىسلام ئېكولوگىيىلىك مەنزىرە-كۆرۈنۈشلىرىنىڭ تەسىرى ۋە يېتەكلىشى ئاستىدا، كەڭ مۇسۇلمانلار ئۆي-ھويلىلارنى پاكىز تۇتۇش، ئېتىز-ئېرىقلارنى رەتلىك قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئىزدىنىشىگە ئايلاندۇرغان بولۇپ، ئۇلار ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ناچار بولغان شارائىتتىمۇ قورۇلىرىنىڭ ئالدى-كەينىنى گۈزەللەشتۈرۈپ، ھويلا-ئارام ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قۇملارنى تىزگىنلەپ، ئورمان ئىنھاتە قىلىپ، تاغ كېسىپ، ئېتىز بىنا قىلىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاپ، كەڭرى زېمىندا ئىنسان كۈچى بىلەن بەرپا قىلىنغان نى-نى مەنزىرىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇنداق ئېكولوگىيىلىك گۈزەل مەنزىرىلەر ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي مۇھىتنى قوغدىشى، ئېكولوگىيىلىك تەكشۈكلۈقنى ئاسرىشى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك ئۆرنەك بولۇپلا قالماستىن، يەنە كۈچلۈك بىۋاستە سەزگۈگە ئىگە بولغان ئېكولوگىيىلىك ئەدەپ-ئەخلاق دەرسلىكى ۋە نادىر سەنئەت بويۇمى سۈپىتىدە، كىشىلەرنى ماددا بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقلارنى بۇزۇپ ئۆتەلەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەش، ئۆز-ئۆزىنى مەركەز قىلىشتەك تار بېكىنمىچىلىك كۆز قارىشىنى بۇزۇپ تاشلاش، كىشىلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەت توزاڭلىرى بىلەن بۇلغانغان قەلبلىرىنى پاكلاش، ئىنسانلارنىڭ ئالىيجاناپ پەزىلەتلىرىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتلەردە غايەت زور رول ئوينايدۇ. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ماسلىشىشچانلىققا ئىگە بولغان ئېكولوگىيىلىك ئەدەپ-ئەخلاق كۆز قارىشى ۋە بۇ خىل قاراشنىڭ شانلىق مۇۋاپپەقىيەتلىرى باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنىڭ روھى بىلەن زىچ بىرلىشىپ، تېخىمۇ جۇلالىنىپ، ئېكولوگىيىلىك بوھرانلارنى تىزگىنلەش، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز، مۇقىم تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور مەنىۋى قىممەت يارىتىپ، يېڭى ئەسىردە كىشىلەرنى دەل-دەرەخلەر بۆك-باراقسان ئۆسۈپ تۇرغان، سۈزۈك بۇلاق سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان، قۇشلار سايرىشىپ، گۈل-گىياھلار خۇشپۇراق چېچىپ تۇرغان، ماسلىشىشچانلىققا ئىگە ئېكولوگىيىلىك گۈزەل دۇنيا بەرپا قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

(تەرجىمە قىلغۇچى:قەيسەر قۇربان؛
تەرجىمە تەھرىرى:شەمشىدىن ھاجى)

**بۇ ئاچقۇچلارنى بىلەمسىز؟**

نامازنىڭ ئاچقۇچى—يۇيۇنۇپ، تارىنىپ، پاكلىنىش؛ خەير-ساخاۋەتنىڭ ئاچقۇچى—سەدىقە-زاكات بېرىش؛ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاچقۇچى— ئېگىلمەس-سۇنماس ئىرادە بولۇش؛ ھەج-تاۋاپنىڭ ئاچقۇچى— قائىدە بويىچە ئېھرام باغلاش؛ ئۆگىنىشنىڭ ئاچقۇچى—كۆپ سوراش ۋە كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش؛ ئاخىرەتنىڭ ئاچقۇچى— ھەشەمەتچىلىككە بېرىلمەسلىك؛ ئىماننىڭ ئاچقۇچى—ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ياد ئېتىش؛ پاراۋان بولۇشنىڭ ئاچقۇچى—تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئاللاھقا تەقۋادار بولۇش؛ شان-شەرەپلىك بولۇشنىڭ ئاچقۇچى—ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئەمەل قىلىش؛ ئىلتىپاتلىق بولۇشنىڭ ئاچقۇچى—ئاللاھقا تەقۋادار بولۇپ، ئىنسانلارغا مېھرىبان بولۇش. (ماتېرىيالدىن)

# ۋەز سۆزلەش قائىدىسى

مۇھتەرەم ھاجى

ھەممىمىزگە مەلۇم، ''ۋەز'' ''ياكى'' ''ۋەز-نەسىھەت'' دېگەن سۆز بىرىكمىسى دىنىي جەھەتتىكى بىر خىل ئاتالغۇ بولۇپ، بۇ سۆز ئىسلامىيەت بىلەن تەڭ بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىزغا سىڭىپ كىرگەن. ئۇ مەنە جەھەتتىن ''نەسىھەت قىلىش، يول كۆرسىتىش، دىنىي مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈش، ئەمرى-مەرۇپ قىلىش'' دېگەن ئۇقۇملارنى بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ھازىر دىيارىمىزدىكى ئىماملار، خاتىپلار، جۈمە نامىزى، ھېيت نامىزى ۋە باشقا دىنىي پائالىيەتلەر سورۇنلىرىدا مۇسۇلمانلار جامائىتىگە ئىسلام دىنى ئەقىدە-ئەھكاملىرىنى، ئەخلاق-مىزانلىرىنى چۈشەندۈرىدىغان بىر خىل ۋاستە ياكى ماھارەت بولۇپ قالدى.

''ۋەز-نەسىھەت'' قىلىش، يەنى كىشىلەرنى ياخشى يولغا باشلاش، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى توغرا چۈشەندۈرۈش، مۇسۇلمانلارغا بۇ دۇنيالىق، ئۇ دۇنيالىق بەخت-سائادەتكە يېتىشنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىپ بېرىش دىنىي بىلىم ئىگەللىگەن، دىنىي ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان ھەر بىر دىنىي زاتنىڭ مەجبۇرىيىتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دىكى «يۇسۇف» سۈرىسى(12-سۈرە)نىڭ 108-ئايىتىدە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېگەن:{قل هذه سبيلي ادعو الي الله علي بصيرة انا ومن اتبعني وسبحان الله وما انا من المشركين}. يەنى:''**ئېيتقىنكى: بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، (كىشىلەرنى) ئاللاھقا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز. ئاللاھ پاكتۇر، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەس**''. يەنە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دىكى«فۇسسىلەت» سۈرىسى(41-سۈرە)نىڭ 33-ئايىتىدە ئىسلام دىنىنى توغرا چۈشەندۈرگەن ھەم توغرا يەتكۈزگەن، ھەم ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىنى ھەقىقىي مۇسۇلمانلار قاتارىدا تۇتقان كىشىنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دېگەن:{ومن احسن قولا ممن دعا الي الله و عمل صالحا و قال انني من المسلمين}. يەنى:''**ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە 'مەن ھەقىقىي مۇسۇلمانلاردىنمەن' دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟**''. دېمەك، ۋەز سۆزلەشتەك مۇنداق شەرەپلىك ۋەزىپىنى ياخشى ئۆتەش، ئىسلام دىنىمىزنىڭ ھەقىقىتىنى توغرا يەتكۈزۈش، باشقىلارنى ياخشى يولغا باشلاپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش، ئىنسانلار جەمئىيىتىگە ئۆزىمىزنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىمىزنى قوشۇش ھەر بىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى. بۇنداق شەرەپلىك ، ئۇلۇغ ۋەزىپىنى قانداق ئورۇنداش كېرەك؟ ئەلۋەتتە بۇنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق قائىدىسى، ئۆزىگە چۈشلۇق ئۇسلۇبى، ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان تەرتىپى بار، شۇڭا بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ۋەز سۆزلىمەكچى بولغان كىشى ئالدى بىلەن ئاشۇ قائىدىلەرنى، ئۇسلۇبلارنى، تەرتىپلەرنى تولۇق ئىگەللىۋېلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا

www.uyghurkitap.com

ماھارەتلىك ۋائىزلاردىن بولۇپ چىقىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دىكى«نەھل»سۈرىسى(16-سۈرە)نىڭ 125-ئايىتىدە ۋەز-نەسىھەت قىلىشنىڭ ئۇسلۇبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:{ادع الي سبيل ربك بالحكمة و الموعظة الحسنة وجادلهم بالتي هي احسن ان ربك هو اعلم بمن ظل عن سبيله و هو اعلم بالمهتدين}. يەنى:'' **پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار(يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ''.**

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ۋەز-نەسىھەت سۆزلىگەندە ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا، ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا چاقىرىشنى، قارشى تەرەپ بىلەن مۇنازىرىلىشىش توغرا كەلسىمۇ ناھايىتى چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلىشىشنى، ھەتتا سەن كاپىر، مەن مۇسۇلمان دەپ ئولتۇرماسلىقنى ئاللاھقا ھاۋالە قىلىپ، كىمنىڭ كاپىر، كىمنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئاللاھنىڭ ئۆزى بىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. شۇڭا ۋەز سۆزلەش مەلۇم ساندىكى مۇسۇلمانلار جامائىتىگە قارىتا تىلنى ئاساسلىق ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلغان ھالدا ، ئاۋازلىق ھەم قول ھەرىكىتى ۋە روھىي ھالەت، چىراي-تۇرقى ئارقىلىق ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنى، نەزەرىيەلىرىنى، ئەھكاملىرىنى ۋە ئەخلاق-مىزانلىرىنى، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش تەشەببۇسلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بىر خىل سەنئەت شەكلى دەپ قارىلىدۇ.

**ۋەز سۆزلەشنى قانداق ئۆگىنىش كېرەك؟**

ۋەز ئېيتىش قائىدىسى، ۋەز ئېيتىش ئۇسلۇبى، ۋەز ئېيتىش تەرتىپى ۋە ماھارىتىنى ياخشى ئۆگىنىش ئىسلام دىنىنى ك[illegible] مۇسۇلمانلارغا توغرا يەتكۈزۈشنىڭ ھەم مۇسۇلمانلارنى ھازىرقى جەمئىيەتتىكى تەرەققىياتقا ماس ھالدا ياشاپ، زامانىۋى دەۋرنىڭ تەرەققىيات سەھنىسىدە بىر كىشىلىكتىن ئورۇن ئېلىشقا يېتەكلەشنىڭ مۇھىم ئېھتىياجى. شۇڭا ھەر بىر ئىمام ياكى خاتىپلاردىن، ۋائىزلاردىن كەڭ دىنىي، پەننىي بىلىملەرنى ئىگىلەش، مۇسۇلمانلار جامائىتىگە ئىسلام دىنىمىزنى توغرا چۈشەندۈرەلەيدىغان سەۋىيىگە يېتىپ، ئۇلارنى ئاڭلىق، سەۋىيىلىك، مەدەنىيەتلىك ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلاردىن قىلىش ۋە ھازىرقى دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلىشالايدىغان قىلىش ئۈچۈن ياخشى، ئۈلگىلىك ۋەز سۆزلىيەلەيدىغان بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنداق بولمىغاندا، دىنىي ئىشلارنى، كۆز قاراشلارنى تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى ئادەتتىكى سەۋىيىدە توختاپ قالغان، بىلىم سەۋىيىسى تۆۋەن، گەپ-سۆزلىرىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان بىر قىسىم كىشىلەر ھازىرقى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان جەمئىيەتتە مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ ئېھتىياجىدىن تولۇق چىقالمايدىغان، ۋەزىيەتكە تولۇق ماسلىشالمايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ، ئۇلار ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ تائالا تاپشۇرغان مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلالمىغاندىن باشقا، يەنە دەۋرىمىز مۇسۇلمانلىرى كۈتكەن ئۈمىدلەرنى يەردە قويىدۇ. شۇڭا ۋەز سۆزلەشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى دەڭسەپ بېقىشىمىزغا، بىلىم سەۋىيىمىزنى ئۆلچەپ بېقىشىمىزغا، كەم بىلىملەرنى، ئاجىزلىق تەرەپلەرنى تولۇقلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئوقۇش پۇرسىتىدىن قالغانلار ياكى ياشقا چوڭ بولغانلار ئۈمىدسىزلىنىپ، بىلىم ئىگەللەشنى تاشلىۋەتسە ھەرگىز بولمايدۇ. بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:{اطلب العلم من المهد الي اللحد}. يەنى:''سەن بۆشۈكتىن

لەھەتكىچە ئىلىم تەلەپ قىل‘‘.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ ھەدىسىدە بىزنىڭ ئۆزۈلدۈرمەي داۋاملىق بىلىم ئىگەللەپ، ھەر بىر دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ماس ھالدا ياشىشىمىزنى، بىلىم ئىگەللەشنى ھەرگىز توختىتىپ قويماي، تا ئۆلگىچە تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئۆگىنىپ تۇرۇشىمىزنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلغان، شۇڭا ۋەز سۆزلەشنى ئۆگىنىش، ۋەز سۆزلەپ چىقىش ھەر بىر ئىمام-خاتىپلارغا نىسبەتەن كەم بولسا بولمايدىغان تەلەپ، شۇنداقلا، ئىسلام دىنى دارىلفۇنۇنلىرىدا تەربىيىلىنىۋاتقان، ھەر قايسى دىنىي مەكتەپلەردە، دىنىي نۇقتىلاردا ھەم دىنىي زاتلاردا ئوقۇۋاتقان تالىپلارمۇ ۋەز سۆزلەشنى ئۆگىنىشى، ۋەزنىڭ قائىدە-تەرتىپلىرىنى ئىگەللىشى، مەكتەپ پۈتتۈرۈش، ئوقۇش تاماملاش ئالدىدا كەڭ مۇسۇلمانلار جامائىتىنى قايىل قىلالايدىغان، ئۆلچەملىك ۋەز سۆزلىيەلەيدىغان ئىمام-خاتىپلاردىن بولۇپ چىقىشى كېرەك، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دىكى «تەۋبە» سۈرىسى(9-سۈرە)نىڭ 122-ئايىتىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:{فلولانفر من كل فرقة منهم طائفة ليتفقهوا في الدين و لينذروا قومهم اذا رجعوا اليهم لعلهم يحذرون}.

يەنى:’’**ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ ئاللاھتىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟**‘‘. بۇ ئايەت كەرىمدە ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ ئىچىدىن مەلۇم بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ چىقىپ، دىنىي بىلىم ئىگەللەپ، ئۆز قەۋمىنى توغرا يولغا يېتەكلىشىنى، ئىسلامىيەتنى توغرا چۈشەندۈرۈشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. دېمەك، باشقىلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش، ئىسلامىيەتنى توغرا چۈشەندۈرۈش مول بىلىملەرگە ئىگە، ماھارەتلىك ۋائىزلارنىڭ قايىل قىلارلىق ۋەزلىرى بىلەن بولىدۇ. شۇڭا ھەر بىر ئىمام-خاتىپلار، تالىپ ئىلىملار تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ھەر ساھەلىرىگىچە بولغان بىلىملىرىنى تولۇق ئىگەللەپ، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى قولدىن بەرمەي، ئۆزىدە مۇكەممەل بىر ئىدىيىۋى كۆز قاراشنى، قايىل قىلارلىق بىر تالانتنى تىكلەپ، ئۆلچەملىك ۋەز سۆزلەيدىغان ۋائىزلاردىن بولۇشى كېرەك. ۋەز سۆزلەشنى ئۆگىنىش جەريانىدا ، ھەر بىر شەخس تۆۋەندىكى ئۆتكەللەردىن ئۆتكەندە ۋائىزلارغا قويۇلىدىغان شەرتلەرنى ھازىرلىيالايدۇ:

1) ۋەز سۆزلەشنى ئۆگىنىش تالىپ ئىلىملارنى چېنىقتۇرۇشنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى، ئۇلار ئۆگىنىش جەريانىدا ئىسلام دىنىنىڭ ھەر خىل بىلىملىرىنى ، پەننىي بىلىملەرنى ئىگەللەش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ھەر جەھەتتىن مۇكەممەللەشتۈرەلەيدۇ، ئىدىيىسىدە توغرا كۆز قاراشلارنى تۇرغۇزۇپ ۋۇجۇدىدا ئېسىل ئەخلاقنى يېتىلدۈرەلەيدۇ، ئۇلار كۆپلىگەن تەپسىر كىتابلارنى، ھەدىس كىتابلارنى، ھەر خىل پىكىر ئېقىمىدىكى كۆز قاراشلارنى، ھەر ساھەگە چېتىلىدىغان پەننىي ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ كەڭ دائىرىدە بىلىم ئىگەللىشىگە، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشىگە ئىمكانىيەت يارىتالايدۇ.

2) ۋەز سۆزلەشنى ئۆگىنىش تالىپ ئىلىملارغا نىسبەتەن ھەر تەرەپلىمە قابىلىيەت ۋە تالانتنى ئۆستۈرۈش جەريانىدۇر، چۈنكى ۋەز سۆزلەش ئۈچۈن دىنىي جەھەتتىكى ئىجتىمائىي ۋەقەلىكلەرنى ئەستايىدىل كۆزىتىشكە، ھەر خىل دىنىي مەزھەبلەرنىڭ پىكىر ئېقىملىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا، تەھلىل قىلىشقا، شۇنداقلا، ئەتراپلىق چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ، بۇ ئارقىلىق تالىپ ئىلىملار ئۆزلىرىنىڭ كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش، تەپەككۇر قىلىش، ھۆكۈم

قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرەلەيدۇ.

3) ۋەز سۆزلەشنى ئۆگىنىش تالىبول ئىلىملارنىڭ ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئالىيجاناپ ئەخلاق-پەزىلەتلىرىنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈشى ۋە ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىنىڭ ئەڭ ياخشى جەريانىدۇر، چۈنكى ۋائىزلار ۋەز سۆزلىگەندە چوقۇم توغرا ئىسلام ئىدىيىسى، توغرا نۇقتىئىنەزەرلەر بىلەن مۇسۇلمانلار جامائىتىنى قايىل قىلىشى ، توغرا دىنىي ھېسسىيات بىلەن جامائەتچىلىكنىڭ دىل تارىنى چېكىشى، گۈزەل تىل، سىلىق-سىپايە، مۇلايىم قىياپەت بىلەن مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا تەسىر كۆرسىتىشى كېرەك.

## قانداق قىلغاندا ئۆلچەملىك ۋائىزلاردىن بولالايمىز؟

دىنىي بىلىم ئىگەللىگەنلەر، دىنىي ۋەزىپە بىلەن شۇغۇللانغانلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. بىزنىڭ ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دىكى «فاتىر» سۈرىسى(35-سۈرە)نىڭ 31-،32- ئايەتلىرىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:{و الذي اوحينا اليك من الكتاب هو الحق مصدقا لما بين يديه ان الله بعباده لخبير بصير ثم اورثنا الكتاب الذين اصطفينا من عبادنا فمنهم ظالم لنفسه و منهم مقتصد و منهم سابق بالخيرات باذن الله ذلك هو الفضل الكبير}. **يەنى: ''ساڭا بىز ۋەھيى قىلغان كىتاب (يەنى قۇرئان) ھەقتۇر. ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ (راستلىقىنى) ئىسپاتلىغۇچىدۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن بەندىلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئاندىن بىز كىتاب (يەنى قۇرئان)نى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر (يەنى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغان بىلەن ئەمەل قىلمايدۇ)، بەزىسى ئوتتۇرا ھالدۇر( يەنى كۆپ چاغلاردا قۇرئانغا ئەمەل قىلىپ، قىسمەن چاغلاردا ئەمەل قىلمايدۇ) ۋە بەزىسى ئاللاھنىڭ ئىزنى بويىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا** ئالدىرىغۇچىدۇر. ئەنە ئاشۇ كاتتا مەرھەمەتتۇر''. بۇ يۇقىرىقى ئىككى ئايەتتىن«قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان كىتاب ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئاللاھ بەندىلەرنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن بەندىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر قىسىم كىشىلەرنى تاللاپ، ئۇلارغا «قۇرئان كەرىم»نى مىراس قالدۇرۇپ بەرگەنلىكىنى جاكارلىغاندىن باشقا، يەنە«قۇرئان كەرىم»نى مىراس قىلىپ تاپشۇرۇپ ئالغان كىشىلەرنىڭمۇ ئۈچ خىل بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بىر خىلى قۇرئاننى ئوقۇغان بىلەن ئەمەل قىلماي ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىدىغانلىقىنى، يەنە بىر خىلى قۇرئاننى ئوقۇپ كۆپ چاغلاردا ئەمەل قىلغان بولسىمۇ، بەزىدە ئەمەل قىلماي ئوتتۇرا ھال تۇرىدىغانلىقىنى، لېكىن ئۈچىنچى خىلى ئاللاھنىڭ ھىدايىتى ۋە ئىزنى بىلەن قۇرئانغا ئەمەل قىلىپ ياخشى ئىشلانى قىلىشقا ئالدىرايدىغانلىقىنى، ئەنە شۇنداق قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغ ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا مەرھەمىتى ئۈستىدە بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالىمىز. بۇ ئايەتتىن يەنە شۇنى چۈشىنىۋالىمىزكى، ئىسلام دىنىنى ئۆگىنىش، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ھەمدە ئۇنى باشقىلارغا يەتكۈزۈش ئىشى پەيغەمبىرىمىزدىن مىراس قالغان ۋەزىپە بولۇپ، ئۇنى ياخشى ئورۇندىغىنىمىزدىلا يۇقىرىقى ئايەتتە كۆرسىتىلگەن ئۈچىنچى خىل كىشىلەرنىڭ قاتارىغا كىرىپ، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلەيمىز ھەم كاتتا ساۋابلارنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز؛ شۇنىڭدەك دۇنيا ئۈچۈنمۇ، ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈنمۇ ياخشى ئىش قىلالىغان بولىمىز. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆزىنىڭ بىر

ھەدىسىدە دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ئورنىنى، ۋەزىپىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:{ان العلمأ ورثة الانبيأ}. يەنى:'' **ئۆلىمالار ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى**''. دېمەك بىز دىنىي بىلىم ئىگەللىگەن دىنىي زاتلارنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر ئەمما شەرەپلىك، مەسئۇلىيەتچانلىقى يۇقىرى بولۇپ، ئۇنى ئۆز لايىقىدا مۇۋاپىق ئورۇنلاش گەدىنىمىزگە چۈشكەن پەرز، شۇڭا بىز ھەر بىر سۆزنى قىلغىنىمىزدا ، ھەر بىر قەدەمنى باسقىنىمىزدا سۆز-ھەرىكىتىمىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە ئۇيغۇن كەلدىمۇ يوق دېگەننى ئېسىمىزگە ئېلىشىمىز، ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا پەيغەمبىرىمىزنى ئۈلگە قىلىشىمىز لازىم. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دىكى«سۈرە ئەھزاب»(33-سۈرە)نىڭ21-ئايىتىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:{لقد كان لكم في رسول الله اسوة حسنة لمن كان يرجو الله و اليوم الاخر و ذكر الله كثيرا}. يەنى:'' **سىلەرگە— ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر**''. دېمەك، پەيغەمبىرىمىز ھەر بىر سۆز- ھەرىكىتىمىزدە ئەگىشىدىغان ئۈلگىمىز، يېتەكچىمىز بولۇشى كېرەك. ئۇنداقتا پەيغەمبىرىمىز ۋەز-نەسىھەتنى قانداق ئورۇندىغان؟ قانداق مۇۋاپىقىيەتلەرگە ئېرىشكەن؟ پەيغەمبىرىمىزنى ئۈلگە قىلىشىمىز ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىز لازىم؟ بۇنىڭدا ئالدى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ 23 يىللىق ھاياتىغا ئىنچىكىلىك بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ، ئۇنىڭ ۋەز-نەسىھەت، دەۋەت قىلىش ئۇسلۇبلىرىنى ئۆگىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ھاياتىدا ئالدى بىلەن ئىسلام ئەقىدىسىگە دائىر مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، مەسىلەن: ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ بىرلىكىگە، بارلىقىغا، ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرىگە، شۇنىڭدەك ساماۋى كىتابلارغا ، ئەلچىلەرگە، قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىدىغانلىقىغا، ياخشى-يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىغا ھەر جەھەتتىن پاكىت-دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ قايىل قىلىشتىن باشلاپ، ئىككىنچى قەدەمدە ئىسلام دىنىنىڭ بەش ئەركانىنى بايان قىلغان. بۇنىڭدىمۇ ئۆز تەرتىپى بويىچە ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش قاتارلىق ئىبادەتلەرنى ، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى، ئورۇنلاش قائىدىلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغان. ئۇنىڭدىن قالسا ئىسلام ئەخلاقى، ئاممىۋى مۇناسىۋەتكە دائىر بىر قاتار ئەھكاملارنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىغان ھەمدە دىنىنى، جاننى، ئەقىلنى، نەسىلنى ياخشى ساقلاشقا ئائىت شەرىئەتنىڭ ئومۇمىي مەقسەت-نىشانلىرىنى بايان قىلغان ۋە بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك يوليورۇقلارنى بەرگەن. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەيلى ئەقىدىگە ئائىت مەسىلە بولسۇن، مەيلى شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئائىت مەسىلىلەر بولسۇن، ھەممىسىدىلا ئەڭ ئالدى بىلەن ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنى ئالدىنقى قاتاردا بايان قىلىپ، تەدرىجىي ھالدا ئىسلام دىنىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئاساس سالغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۆزىدە ھەقىقىي پەيغەمبەرگە خاس ئېسىل خىسلەتلەرنى نامايان قىلىپ، ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ، شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئۆزى ئۈلگە كۆرسەتكەن. شۇڭا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدا سورالغان چاغدا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبىرىمىزنىڭ گەپ-سۆزلىرىنىڭ، ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى «قۇرئان كەرىم،»نىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئۇنىڭدىن تەبىئىي ھالدا سادىر بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:{كان خلقه القران}. يەنى: '' **ئۇنىڭ ئەخلاقى قۇرئاننىڭ دەل ئۆزى ئىدى**''. شۇڭا بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋارىسلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ھەر بىر ئېغىز

كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۆزىمىزدە، ھەر بىر ھەرىكىتىمىزدە رەسۇلۇللانى ئۈلگە قىلىشىمىز، ھەتتا ۋەز-نەسىھەت قىلغان ۋاقتىمىزدىمۇ ئۇنىڭ مۇبارەك ئىش-پائالىيەتلىرىنى ئۆرنەك قىلىشىمىز لازىم. تۆۋەندە ۋەز سۆزلىگۈچىلەرگە قويۇلىدىغان بەزى شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز.

## ۋائىزلارنىڭ ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلىرى

ۋەز سۆزلىگۈچىلەر ئالدى بىلەن ئۆزلىرى تەربىيىلىنىشى، باشقىلارغا ۋەز سۆزلەپ يېتەكلىسە كەينىگە كىرىپ ئەگەشكۈدەك ياخشى سۈپەتلەرنى ئۆزىدە تىكلىشى، ئۆزىنىڭ نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا سۆزلىمەكچى بولغان ۋەزنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى، مەقسەت-غايىگە يەتكىلى بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار بۇ ئارقىلىق جامائەتكە ئەمەلىي يېتەكچىلىك قىلالايدۇ. چۈنكى كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارى ۋائىزلارنىڭ سۆزىدىن كۆرە، قىلغان ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرايدۇ. شۇڭا ئۇلار بىر مەسىلە ئۈستىدە گەپ ئاچماقچى بولسا، ئالدى بىلەن ئۆزى شۇ ئىشقا بىۋاسىتە باش بولۇشى ھەم قاتنىشىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزىنىڭ ۋە قىلغان ۋەزىنىڭ ۋەزنى بولىدۇ، جامائەتكە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ ھەم ۋەز تەشەببۇسلىرىغا قارىتا ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىنى ئاشۇرالايدۇ ، ۋائىزنىڭ ئۆزىمۇ جامائەتنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ، شۇڭا ۋائىزلار ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك.

1. ۋائىزلار ئاللاھ تائالاغا ئۆزىنى بېغىشلاپ ۋە ئىشتىياق باغلاپ ئىمان ئېتىقان بولۇشى ھەمدە باشقىلارنى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى ۋە بارلىقىغا ئىمان ئېيتىشقا چاقىرىشى كېرەك. شۇڭا ۋائىزلار ئالدى بىلەن ئەقىدە مەسىلىلىرىنى تولۇق ئىگەللىشى، ئەستايىدىل ئۆگىنىشى كېرەك. چۈنكى ئەرەبلەرنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرى بويىچە:{ ان فاقد الشئ لايعطيه و من لم يملك نصابا لايزكي}. يەنى:'' بىر نەرسىسى يوق كىشى بېرەلمەيدۇ، مېلى ئۆلچەمگە يەتمىگەن كىشى سەدىقە ئاجرىتالمايدۇ''. دېمەكچىمىكى، بىر نەرسە بىلمىگەن كىشى باشقىلارغا بىر نەرسە ئۆگىتەلمەيدۇ، دىنىنى چۈشەنمىگەن كىشى باشقىلارنى يېتەكلىيەلمەيدۇ. شۇڭا ۋائىز ئالدى بىلەن ئۆزى بىلىم ئىگەللىشى، ۋەز سۆزلەپ جامائەتنى قايىل قىلىپ ياخشى يولغا يېتەكلەشنى ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ بىلىشى، مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتنىڭ پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشى كېرەك ھەمدە ئىسلام دىنىمىزدا چەكلەنگەن بارلىق يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، بەلگىلەنگەن پەرز، ۋاجىپ، سۈننەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىشى، تەقۋادارلىققا ياتىدىغان ئىشلارنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋېلىشى كېرەك.

2. ۋەز سۆزلىگۈچىدە ئەخلاق- پەزىلەت بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئەسلى مەقسىتىمۇ گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:{انما بعثت لاتمم مكارم الاخلاق}. يەنى:'' مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈنلا (پەيغەمبەر قىلىنىپ) ئەۋەتىلدىم''. چۈنكى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى، ئەھكاملىرى ۋە ئەخلاق مىزانلىرى بىر-بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەچكە، ئىسلام دىنىمىزدا ئەخلاق ئالاھىدە ئورۇن ئالغان؛ شۇڭا ۋائىزلارغا ئەخلاق ئىنتايىن مۇھىم. ۋائىزلار ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەل ئەخلاق- پەزىلەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشى، ئىسلام دىنىمىزنىڭ مۇكەممەل ئىدىيىسى بىلەن قوراللىنىشى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيە- ھېسسىياتلىرىنى

توغرا يۈنىلىشتە يۈكسەلدۈرۈشى كېرەك؛ شۇندىلا مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرىنىڭ جۇشقۇن، ھېسسىياتلىق ۋەز-نەسىھەتلىرى بىلەن قايىل قىلالايدۇ. ھەممە ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنى كۆرسەتكەن توغرا يولغا مېڭىپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، يامان ئىشلاردىن يانىدىغان، ئىسمى جىسمىغا لايىق مۇسۇلمانلاردىن بولۇش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرالايدۇ.

ۋائىزلار ۋەز سۆزلەپ باشقىلارنى ئىسلام دىنى ئەخلاقى بىلەن قوراللىنىشقا ئۈندەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىسلام دىنى ئەخلاقىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈشى، شۇنداقلا تۇرمۇشىغا مۇجەسسەملەشتۈرۈشى، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن باشقىلارغا ئۈلگە كۆرسىتىشى كېرەك. بىزگە مەلۇمكى، ئەخلاقى ناچار كىشى باشقىلارغا ''ئەخلاقىڭلارنى ياخشىلاڭلار'' دېسە ئۇنىڭ ئۈنۈمى جەزمەن ياخشى بولمايدۇ. يەنى ئەخلاقسىز كىشى ئەخلاق ھەققىدە گەپ ئاچسا، ياخشى ئىش قىلمايدىغان كىشى باشقىلارنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ گەپ ساتسا، ۋەز ئاڭلىغۇچىلاردا جەزمەن بىزارلىق پەيدا بولۇپ، ئۇ ۋەزنىڭ قىلچە ئىجابىي ئەھمىيىتى بولمايدۇ. شۇڭا ۋائىزلار ئىسلام دىنى ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىدە بىر توغرا ئىسلامىي كۆز قاراشنى تۇرغۇزۇشى، ئالىيجاناپ ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرۈشى، ئۆزىگە ھەر ۋاقىت قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ئۆزىنىڭ ھەر جەھەتتىن تولۇق يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىشى كېرەك. ۋائىزلار ئەخلاق جەھەتتىن تۆۋەندىكى ئىشلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك:

1) ئىتتىپاقلىققا دىققەت قىلىش كېرەك. ھەممىمىزگە مەلۇم، ئىتتىپاقلىق ئىسلام دىنىمىز 1400 يىلدىن بېرى تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقان ئېسىل ئەنئەنە، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دىكى سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە) نىڭ 103-ئايىتىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: {و اعتصموا بحبل الله جميعا و لاتفرقوا}. يەنى: ''ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرىكى يەھۇدىيلار، ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار)'' دېگەن. دېمەك، ئاللاھ تائالا بۇ يەردە بىزگە ھەممىمىزنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىشىنى، ئۆز ئارا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ ئايرىلماسلىقنى بۇيرۇق قىلىپ جاكارلىغان. شۇڭا بۇ ئېسىل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە چۈشكەن مەجبۇرىيەت، بولۇپمۇ دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئۆلىمالارغا، ۋائىزلارغا بۇ ئىنتايىن مۇھىم. ۋائىزلار ئاۋۋال ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىشى ھەم بارلىق جامائەت بىلەن ئىتتىپاقلىشىشى، زىددىيەتكە سەۋەپ بولىدىغان بارلىق گەپ-سۆزلەردىن ئۆزىنى تارتىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلار ئۆز ئارا پىكىر بىرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جامائەت ئارىسىدا ياخشى تەسىر قالدۇرىدۇ ھەم كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىپ، جەمئىيەتتە ئىتتىپاقلىق شەكىللەندۈرەلەيدۇ.

2) كەمتەر بولۇش كېرەك. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: {إن الله اوحي الي ان تواضعوا حتي لايفخر احد علي احد و لايبغي احد علي احد}. يەنى: ''ئاللاھ تائالا سىلەرنى بىرى يەنە بىرىگە تەكەببۇرلۇق قىلمىسۇن، بىرى يەنە بىرىگە زومىگەرلىك قىلمىسۇن دېمەكلىك بىلەن كەمتەر بولۇڭلار دەپ ۋەھيى قىلدى''. پەيغەمبىرىمىز يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: {وما تواضع احد لله الا رفعه الله}. يەنى: ''بىر كىشى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن كەمتەرلىك قىلىدىغان بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرىدۇ''. دېمەك، كەمتەر بولۇش ئادەمگە نىسبەتەن گۈزەل ئەخلاقى پەزىلەتتۇر، ئىلگىرىلەش ۋە مۇۋاپىقىيەت قازىنىشنىڭ كاپالىتىدۇر. قەدىمدىن بۇيان ئەجداتلىرىمىز: ''كەمتەرلىك ئادەمنى ئالغا باستۇرىدۇ، مەغرۇرلۇق ئادەمنى

چىكمىندۈردۇ‘‘ دەپ ئېيتىپ كەلگەن. شۇڭا ۋائىزلار كەمتەر بولۇشى، ئازراقلا مۇۋاپپەقىيەت قازانغاندا ئۆزىنى بىلەلمەي قالىدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلىنىشى، بارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرى، ئىرادىسى بىلەن بولۇشىغا ئىشىنىشى، قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى كېرەك، ئۆزىنىڭ پەقەت دىنىنى توغرا يەتكۈزۈپ قويۇشلا مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى، سۆزلىگەن ۋەزنىڭ ئۈنۈمىنىڭ قانداق بولۇشى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئاللاھ تائالا سۈرە«ھۇد»(11-سۈرە) نىڭ 88-ئايىتىدە شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەرلىكىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ تىلىدا مۇنداق دېگەن:{و ما اريد الا الاصلاح ما استطعت وما توفيقي الا باللـة}. يەنى:‘‘ **مەن پەقەت (سىلەرنى) قولۇمدىن كېلىشىچە تۈزەشنىلا خالايمەن، مەن پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋاپپەقىيەت قازىنالايمەن**‘‘. دېمەك، بىز ھەر بىر ئىشىمىزنىڭ قانداق نەتىجە بىلەن ئاياغلىشىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، غەلىبىدىمۇ، مەغلۇبىيەتتىمۇ ئۆزىمىزنى تۆۋەن، كەمتەر تۇتىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىز ئۆلىمالار جامائەت ئارىسىدا ۋە باشقا ئاممىۋي مۇناسىۋەتلەردە، بېرىش-كېلىشلەردە ئۆز ئارا چۈشىنىشىپ ، كەمتەرلىك بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، كەمتەرلىك بىلەن ئىش قىلغىنىمىزدىلا، كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلالايمىز. ئەكسىچە، تەكەببۇرلۇق، ھاكاۋۇرلۇق، ئۆكتەملىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشقاندا مەسىلىلەرنى ئوڭايلا مۇرەككەپلەشتۈرۈۋالىمىز.

3) ئىخلاسمەن مۇسۇلمان بولۇش كېرەك. ئىخلاسمەن بولۇش دېگىنىمىزدە ئاللاھ تائالاغا بولغان ئېتىقاد ساپ بولۇش، بارلىق ئىبادەتلەرنى تەلەپكە لايىق ئادا قىلىپ ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەتلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلىش، باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشقاندا سەممىمي، سادىق بولۇش، ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلغاندا مەسئۇلىيەت روھى ھەم سەممىيلىك بولۇش قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىسلام دىنىمىزدا ئىخلاسمەنلىك بىلەن قىلغان ئەمەللىرىمىز ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دىكى«كەھف»سۈرىسى(18-سۈرە)نىڭ110-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن:{فمن كن يرجولقأ ربه فليعمل عملا صالحا و لايشرك بعبادة ربه احدا}.يەنى:‘‘كىمكى ئۆز پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات **بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن(يەنى ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن، پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن**‘‘. شۇڭا بىز ساپ نىيەت، ئالىيجاناپ روھ بىلەن ئىش قىلىشىمىز، دىنىي ئىشلاردا ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى، رەھمىتىنى، بېرىدىغان ئەجرى ساۋابىنى ئويلىشىمىز، دىنىي مەجبۇرىيەتنى ھەرگىز قۇرۇق شۆھرەت ۋە ئابروي تاماسىغا دەسمىي قىلىۋالماسلىقىمىز كېرەك. باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدىمۇ ئىخلاسمەن بولۇپ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى ئېنىق ئايرىپ ، ھەق-ناھەق ۋە يوللۇق-يولسىزلىق ئالدىدا توغرا مەۋقەدە تۇرۇشىمىز، باشقىلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلىپ، ھەسەدخورلۇقنى تۈگىتىپ، تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەيدىغان، خەقنىڭ ئۈستىدىن بولمىغۇر گەپلەرنى جامائەتكە تارقىتىدىغان يارىماس ئىشلارنى قەتئىي تاشلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ۋائىزلار ئۆزىنىڭ ھەقىقىي تەقۋادارلىقىنى تىكلەپ ئاللاھ تائالانى رازى قىلالايدۇ ، ئەل ئىچىدىكى ئىناۋىتىمۇ ئۆسىدۇ، جامائەت قارشى ئالىدىغان، مۇۋاپپەقىيەت قازانغان ۋائىزلاردىن بولۇپ چىقىدۇ ھەمدە ئاللاھ تائالانىڭ{ان اكـرمكم عـند الله اتقاكم} دېگەن، يەنى:‘‘ **ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ**

ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغىنىڭلار، ئەلا تەقۋادار بولغىنىڭلاردۇر'' دېگەن ئۆلچەمگە چۈشىدۇ.

4) جۈرئەتلىك بولۇش كېرەك. ۋائىزلار جۈرئەتلىك، شىجائەتلىك بولۇشى، ھەرقانداق ۋاقىت ۋە شارائىتتا ئۆزلىرىنى سالماق تۇتۇپ، ۋەز سۆزلەش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئادا قىلىشى كېرەك. ئەگەر مۇنبەرگە چىققاندا ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ، جامائەتكە ئۇدۇل قارىيالماي، گېپىنى ئوڭشاپ قىلالماي يۈرسە ۋائىزلىقنىڭ ئەقەللىي تەلىپىدىنمۇ چىقالمايدۇ، ئۇنى قاملاشتۇرالمايدۇ ھەم جامائەتنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشەلمەيدۇ. شۇڭا ۋائىز ئىرادىلىك، قەيسەر، تەمكىن بولۇشى، نۇتۇق ۋەزىپىسىنى جانلىق ئورۇندىشى، جەمئىيەتتىكى ھەر قانداق بىر يامان ئىشنى كۆرگەندىمۇ باشلامچىلىق بىلەن تۈزىتىش بېرىپ ئۈلگە كۆرسىتىشى كېرەك. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:{من راي منكم منكرا فليغيره بيده وان لم يستطع فبلسانه و ان لم يستطع فبقلبه فذلك اضعق الايمان}. يەنى:''سىلەردىن كىمكى بىرەر يامان ئىشنى كۆرسە ئۇنى ھەرىكىتى ئارقىلىق توسسۇن، مۇنداق قىلىشقا قادىر بولالمىسا سۆزى ئارقىلىق توسسۇن، بۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا ئۇنىڭغا دىلىدا نارازى بولسۇن، بۇ ئىماننىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدۇر''.

5) سەۋر-تاقەتلىك بولۇش كېرەك. ۋائىزلار ۋەز سۆزلەشنى ئۆگىنىش ياكى جامائەتكە ۋەز سۆزلەش داۋامىدا بەزى تاسادىپىي قىيىنچىلىقلارغا يولۇقۇشى ياكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھەر خىل كۈتۈلمىگەن سوئاللىرىغا دۇچ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ سۆزلىگەن ۋەزى جامائەتنى رازى قىلالماي، بەزىلىرىنى ھەتتا نارازى قىلىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن، مەيلى قايسى ئەھۋالدا بولسۇن، ۋائىز مەلۇم دەرىجىدە قىيىنچىلىققا ئۇچراپ، ئۆزىنىڭ بەك تەڭلىكتە قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، شۇڭا ۋائىز بۇنداق ئەھۋالدا سەۋر-تاقەتلىك بولۇپ، كۆرۈلگەن ياكى يولۇققان مەسىلىلەرنى سەۋرچانلىق بىلەن تەھلىل-تەتقىق قىلىشى ھەمدە مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسىنى تېپىپ چىقىشى، سەۋرچانلىق بىلەن جامائەتنى قايىل قىلىشى، ھەرگىز ئالدىراپ-تېنەپلا ئىپادە بىلدۈرمەسلىكى، ئاچچىقلانماسلىقى كېرەك. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دىكى «لوقمان» سۈرىسى(31-سۈرە)نىڭ 17-ئايىتىدە لوقمان ھېكىمنىڭ ئۆز ئوغلىنى ھەقىقەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىپ، يولۇققان قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىشقا تەۋسىيە قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:{يا بني اقم الصلاة و امر بالمعروف و انه عن المنكر و اصبر علي ما اصابك}. يەنى: ''ئەي ئوغۇلچىقىم! نامازنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن(چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)''. دېمەك، ۋائىزلار ھەر قانداق قىيىنچىلىق ئۈستىدە سەۋر-تاقەتلىك بولۇشى، مەسىلىلەرنى ئېغىر-بېسىقلىق، سالماقلىق بىلەن ھەل قىلىشى، ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، ئاللاھ تائالانىڭ كۆپلەپ ساۋابلىرىنى ئېلىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دىكى «زۇمەر» سۈرىسى(39-سۈرە)نىڭ 10-ئايىتىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:{انما يوفي الصابرون اجر هم بغير حساب}. يەنى: ''پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ''. شۇڭا ھەر قانداق ۋاقىتتا، ھەر قانداق جايدا ھەر قانداق قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ناھايىتى سالماقلىق بىلەن ئەتراپلىق ئويلاپ، مەسىلىلەرنى سەۋرچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؛ شۇنداق قىلغاندىلا ئاللاھ تائالا ئىشلىرىمىزدىن رازى بولىدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:{ان الله مع الصابرين}. يەنى:''ئاللاھ تائالا سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىرگە''. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن راست ئېيتىدۇ.

uyghurkitap.com


6) يۇمشاق، مۇلايىم بولۇش كېرەك.

ۋائىزلار گەپ-سۆزدە يۇمشاق، مۇلايىم بولۇشى، تەلەپپۇزى سىلىق، پوزىتسىيىسى ئىللىق بولۇشى، تىلى ھەر قانداق شارائىتتا گۈزەل بولۇشى كېرەك؛ چۈنكى سۆزدە يۇمشاق-مۇلايىم بولۇش ۋائىزلارنى جامائەتنىڭ ھۆرمىتىگە، ئىشەنچىسىگە ئېرىشتۈرىدۇ، شۇنداقلا بۇنداق بولغاندا، ۋائىزلار بىلەن جامائەت ئوتتۇرىسىدا سەمىمىي كەيپىيات بارلىققا كېلىپ، سۆزلەنگەن ۋەزنىڭ جامائەتكە قالدۇرىدىغان تەسىرى، ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ، شۇڭا ۋائىز ئۆزىنىڭ ۋەزىنىڭ جامائەت ئارىسىدا ياخشى تەسىرات قالدۇرۇشىنى ئويلايدىكەن، گەپ-سۆزدە، مۇئامىلىدە يۇمشاق، مۇلايىم بولۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دىكى«ئال ئىمران»سۈرىسى(3-سۈرە)نىڭ159-ئايىتىدە پەيغەمبىرىمىزگە گەپ-سۆز، مۇئامىلىدە يۇمشاق، مۇلايىم بولۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىپ:{ فبما رحمة من الله لنت لهم ولو كنت فظا غليظ القلب لانفضوا من حولك}. يەنى:''**ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ، ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى**''دېگەن. دېمەك گەپ-سۆزدە، مۇئامىلىدە يۇمشاق، مۇلايىم بولۇش ۋائىزلارغا قويۇلىدىغان مۇھىم تەلەپلەرنىڭ بىرى. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، بىزنىڭ كونىلاردىن قالغان:''ياخشى گەپ جاننىڭ تىرىكى، يامان گەپ جاننىڭ ئېكىكى'' دېگەن سۆز بار، شۇنداقلا:''ياخشى گەپ تاشنى يارار، يامان گەپ باشنى''دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلىرىمىزمۇ بار، شۇنىڭدەك ئەرەبلەرنىڭمۇ:{ليكن امرك بالمعروف ونهيك عن المنكر غير منكر}. يەنى:'' سېنىڭ (باشقىلارنى) ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇشۇڭ ناھايىتى ياخشى ئۇسلۇبتا بولۇشى، يامان ئىشلاردىن توسۇشۇڭ ھەرگىز يامان ئۇسلۇبتا بولماسلىقى كېرەك''دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلىرى بار. شۇڭا ۋائىز جامائەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقاندا، ۋەز سۆزلىگەندە ناھايىتى سىلىق، يۇمشاق، مۇلايىم بولۇشى، گەپ قىلغاندا ئاۋازى بىر خىل يېقىملىق چىقىشى، ئادەم تىللايدىغان، بىراۋنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدىغان قوپال گەپ-سۆزلەردىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك. ھەممىمىزگە مەلۇم، ئادەم سۆزلىگەندە ئاۋازىنىڭ ئېگىز-پەسلىكى، سۆزىنىڭ تېز-ئاستىلىقى، نەپەسىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكى شۇ ئادەمنىڭ مەلۇم كەيپىيات ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن، قوپال، ھاكاۋۇر تەلەپپۇز كىشىنى بىزار قىلىدۇ، مۇلايىم، يەڭگىل تەلەپپۇز كىشىگە يېقىشلىق تۇيۇلىدۇ. شۇڭا ۋائىزلار مەيلى ئادەتتىكى مۇئامىلىدە بولسۇن ياكى جامائەتكە ۋەز سۆزلىگەندە بولسۇن، چوقۇم مۇلايىم، يۇمشاق بولۇشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك.

3. مول دىنىي ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگەللەپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشى كېرەك. ھەر خىل دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەرگە ئىگە بولۇش ۋائىزلاردا كەم بولسا بولمايدىغان شەرت. شۇڭا ۋەز سۆزلىمەكچى بولغان ۋائىزلارئۆزلىرىنىڭ ئەقىدىلىرىنى توغرىلىشى، ئەقىدىسىگە ئائىت بارلىق كۆز قاراشلار بىلەن تونۇشۇپ، ئۆزىدە مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قۇرئان، ھەدىسنى پۇختا ئۆگىنىپ، ئەھكاملارغا مۇناسىۋەتلىك ئايەت-ھەدىسلەرنى يادلىۋېلىشى كېرەك. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەڭ ئاخىرقى ۋىدالىشىش ھەججىدە سۆزلىگەن مەشھۇر نۇتقى (ۋەز-تەبلىغى)دا بىزگە تەلىم بېرىپ مۇنداق دېگەن:{تركت فيكم امرين لن تضلوا ابدا مان تمسكتم بهما كتاب الله و سنتي}. يەنى:'' مەن سىلەرگە ئىككى ئەڭگۈشتەرنى قالدۇرۇپ كەتتىم، ئەگەر سىلەر ئۇ ئىككىسىنى چىڭ تۇتىدىغانلا بولساڭلار ھەرگىز (يولدىن) ئازمايسىلەر، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە مېنىڭ سۈننىتىم''. دېمەك،

«قۇرئان كەرىم» بىلەن «ھەدىس شەرىف» بىز مۇسۇلمانلارنىڭ دەستۇرى،ھەر بىر سۆز-ھەرىكىتىمىزنىڭ قىبلىنەماسى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ۋائىزلار تەپسىر، ھەدىسلەرنىڭ شەرھىي مەنىلىرىنى، ئىسلام تارىخى، ئىسلام مەدەنىيىتى، فىقھ، ھەدىس، تەپسىرلەرنىڭ پرىنسىپلىرى قاتارلىقلارنى ياخشى ئىگەللىشى، ئىسلام ئەخلاقىنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئىسلام دىنى مەزھەبلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىدىغان ھەر خىل ماتېرىياللار بىلەن تونۇشۇشى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ مەدەنىيەت بىلىملىرىنىمۇ قولدىن بەرمەسلىكى كېرەك، مەسىلەن: جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلىملىرىنى بىلمىسە جەمئىيەتتىكى ئىشلارنى تەھلىل قىلالمايدىغان، پسىخولوگىيە ئىلمىنى بىلمىسە جامائەت بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلمەيدىغان، ئېقىم مەسىلىلىرىنى بىلمىسە جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز قالىدىغان، ئاسترونومىيە ئىلمىنى بىلمىسە شۇنىڭغا ئائىت مەسىلىلەرنى خاتا چۈشەندۈرىدىغان، جۇغراپىيەنى بىلمىسە ئۆزى تۇرغان مۇھىتنىڭ ئورنى ۋە ئەۋزەللىكىنىمۇ ئاڭقىرالمايدىغان، يېزا ئىگىلىك ۋە سانائەت بىلىملىرىدىن خەۋەرسىز قالسا بۇ دۇنيادا قانداق ياشاشنى ئۇقالمايدىغان، قانۇن-سىياسەتلەرنى بىلمىسە ئۆزىنى ئوڭايلا ھالاكەت يولىغا سېلىپ قويىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈشى مۇمكىن. شۇڭا ماھارەتلىك ۋائىزلاردىن بولۇش ئۈچۈن دىنىي بىلىملەردىن باشقا يەنە ھەر ساھە بىلىملىرىدىنمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئوزۇق ئېلىشىمىز، ئۇچۇرلارغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز، گېزىت-ژۇرناللاردىن، رادىئو-تېلېۋىزورلاردىن پايدىلىنىپ تۇرۇشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ۋائىزلار ئۆز جەمئىيىتىنىڭ ئەمەلىيىتى بويىچە ۋەز سۆزلەپ، شۇ جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارنى قايىل قىلالايدىغان ھەمدە شۇ جەمئىيەتتىكى مۇناسىۋەتلىك قانۇنلار ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلىش ئىشلىرىدىن ساقلىنالايدىغان بىر شەرت-شارائىتنى ھازىرلىيالايدۇ. يەنە كېلىپ، ۋائىزلارنىڭ دىنىي ۋە پەننىي مەلۇماتلىرى قانچە كۆپ ، سەۋىيىسى قانچە يۇقىرى بولسا، ئۇلار سۆزلىگەن ۋەز-تەبلىغلەرنىڭ مەزمۇنىمۇ شۇنچە مول، سۈپىتى يۇقىرى، تەسىرچانلىقى كۈچلۈك، جەلپكارلىقى يۇقىرى بولىدۇ، ساپاسى يۇقىرى ۋائىزلار ۋەز سۆزلەۋاتقاندا مۇبادا بەزى كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللار كۆرۈلسىمۇ ئۇنى دەرھال ئوڭشاپ، جامائەتنىڭ دىققەت-ئېتىبارى ۋە پىكىر بىرلىكىنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ۋەزنىڭ ئۈنۈمىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلالايدۇ.

4. ۋائىزلارنىڭ تەپەككۇرى تېز، سەزگۈر بولۇشى كېرەك. بىز بۇ يەردە دەۋاتقان تەپەككۇر قابىلىيىتى ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ئىشلارنى كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش، ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ۋائىزلار ۋەز سۆزلىگەندە جامائەتنى ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى، پىكرى ۋە دەلىللىرى بىلەن قايىل قىلىش ئۈچۈن، ئاۋۋال تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشى، ۋەزنىڭ قاراتمىلىقى ۋە تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرۇپ بېرىشى كېرەك. ۋەزدىكى كۈچلۈك قاراتمىلىق ۋە دەۋر تۇيغۇسى مۇسۇلمانلارنىڭ رىئال تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي ئەھۋالى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتلىرىنى كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا توغرا ھۆكۈم قىلىش داۋامىدا مەيدانغا كېلىدۇ. ھادىسە ۋە مەسىلىلەرنى كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش، ئاندىن ھۆكۈم قىلىشتەك بۇنداق تەپەككۇر قابىلىيىتى جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئوبيېكتىپ مەسىلىلەرنىڭ، زىددىيەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى توغرا چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

دېمەك، ۋائىزلارنىڭ تەپەككۇرى تېز ، مەسىلىلەرگە بولغان سەزگۈرلىكى يۇقىرى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولغاندا، سۆزلىمەكچى بولغان ۋەزنىڭ مەزمۇنىنى ھەر قانداق شارائىتتا ئۆيغۇنلاشتۇرالايدۇ ھەم ئېھتىياجغا ئاساسەن تەرتىپكە سالالايدۇ. مەسىلەن، ۋەز سۆزلەش ياكى ۋەز ئاڭلاش ۋاقتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ياكى ۋەز ئاڭلىغۇچى جامائەت كەيپىياتىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى بىلەن، ۋەزنىڭ مەزمۇنىنى ۋاقتىدا مۇۋاپىق تەرتىپكە سېلىشقا ياكى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللاردا تەپەككۇرى تېز، سەزگۈر ۋائىزلار يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بار ھەر قانداق مۇرەككەپ ئەھۋاللارنى دەرھال سېزىۋېلىپ، ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلالايدۇ.

5. ۋائىزلارنىڭ تىل بىلەن ئىپادىلەش (نۇتۇق ۋە يېزىقچىلىق) ئىقتىدارى ياخشى بولۇشى كېرەك. جامائەتنى قايىل قىلالىغۇدەك ۋەز سۆزلەش يېزىقچىلىق ھەم نۇتۇق ماھارىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالىي سەنئەتتۇر. شۇڭا تىل سەنئىتىنى ئۆگىنىپ ئۇنى ۋەز سۆزلەشكە تەدبىقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ۋەز سۆزلىمەكچى بولغان ۋائىزلار ئالدى بىلەن تىلغا (ئانا تىلى ۋە ئەرەب تىلىغا) پۇختا بولۇشى — شۇ تىلنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرىنى، ئىلمى بەلاغەت (ئىستىلىستىكا) ۋاستىلىرىنى، مەنتىقە (لوگىكا)لىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگەنگەن بولۇشى كېرەك. ۋائىزلار شۇ تىلنىڭ گىراماتىكىسىنى ئۇقسا تىلى قائىدىگە چۈشىدۇ،ھەر خىل سۆز ۋە جۈملە شەكىللىرىنى بىمالال، راۋان ئىشلىتەلەيدۇ، ئەگەر ئىلمى بەلاغەتنى بىلسە تىلى ئوبرازلىق، جانلىق، تەسىرلىك بولىدۇ، ئەگەر مەنتىقىدىن خەۋىرى بولسا تىلى توغرا، قايىل قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا تىل قائىدىلىرىنى ياخشى ئىگەللەش تىل بىلەن ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىم شەرتى.

6. ۋائىزلارنىڭ قىياپىتى دۇرۇس بولۇشى كېرەك.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ۋائىزلارنىڭ تەققى-تۇرقى قىياپىتى جامائەتنىڭ كۆزىگە ئەڭ بۇرۇن چېلىقىدۇ، دىققىتىنى تارتىدۇ، جامائەت ئۇنىڭغا كۆڭلىدە باھا بېرىدۇ. ۋەز سۆزلەش ئۈچۈن مۇنبەرگە، سەھنىگە چىققاندا ياكى جامائەتنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە تەققى-تۇرقى، قىياپىتىنى رۇسلاش ۋائىزلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان مۇھىم ئىشى. ۋائىزلارنىڭ ئۆزىگە لايىق، دۇرۇس قىياپىتى جامائەتنى جەلپ قىلىدۇ، ئۇلارغا پاكلىق، گۈزەللىك تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ياخشى باھاسى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ. شۇڭا تەجرىبىلىك ۋائىزلار ئۆزىنىڭ تەققى-تۇرقى، قىياپىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بىز دەۋاتقان بۇ تەققى-تۇرقى، قىياپەت دېگەنلەر ۋائىزلارنىڭ چىرايى، تۇرقى، پوزىتسىيىسى، ھەرىكىتى، كىيىنىشى قاتارلىقلارنىڭ جامائەتكە قالدۇرىدىغان ئومۇمىي تەسىراتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا ۋائىزلارنىڭ دىنىي زاتلارغا خاس مۇۋاپىق كىيىنىشى، قەددى-قىياپىتىنى راۋۇرۇس تۇتۇشى، ئېغىر-بېسىق، تەمكىن بولۇشى، چىرايى ئوچۇق، تەبىئىي بولۇشى، جامائەتكە كەمتەر، سەممىمىي، قىزغىن پوزىتسىيىدە ۋەز سۆزلىشى، تارتىنىپ، جىددىيلىشىپ ئۇ ياق-بۇ ياققا قاراپ يۇرمەسلىكى ياكى ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ گىدىيىپ تۇرماسلىقى، ۋەزنى خوشياقىقاندەك سۆزلىشى ...قاتارلىقلار تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ۋەزنىڭ مۇۋاپپەقىيەتلىك بولۇشىغا، ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

## ۋەز سۆزلەشنىڭ ئالاھىدىلىكى

ۋەزنىڭ دىنىي جەھەتتىلا ئىجابىي رولى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا، شۇنداقلا شۇ جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان بارلىق كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي

مۇناسىۋەتلىرىگە كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسىتىدىغان، ھەم ئۇلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىدا ئىجابىي رول ئوينايدىغان تەلىم-تەربىيە تۈسىدىكى نۇتۇق شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ تۆۋەندىكىچە ئالاھىدىلىكلىرى بار:

1. ۋەز سۆزلەش ئاممىۋىلىقى بار ئىجتىمائىي پائالىيەت بولۇپ، كەڭ مۇسۇلمانلار جامائىتى ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى پىكىرلىرىنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش جەريانىدۇر، شۇڭا ۋائىزلار جامائەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى، دىنىي ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى، چۈشىنىش ئىقتىدارىنى ئاساس قىلىپ، ئۇلار قوبۇل قىلالايدىغان دەرىجىدە ۋەز سۆزلىشى كېرەك.

2. ۋەز سۆزلەش مەقسەتچانلىقى بار، نىشانى ئېنىق تەربىيە شەكلىدۇر. شۇڭا، ۋائىزلار ۋەز سۆزلىگەندە باشتىن ئاخىر بەلگىلەنگەن تېما مەزمۇنىنى يورۇتۇشى، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، ۋەز تەييارلىغاندا، تېمىنى بارلىق كۈچى بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ، تېمىنىڭ مەقسىتىنى، نىشانىنى ئۇچۇق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

3. ۋەز كۈچلۈك جەلپ قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە بىر سەنئەت، شۇڭا ۋائىزلار ۋەز سۆزلىگەندە، مۇسۇلمانلارغا ئىسلام دىنىنىڭ مەلۇم بىر تەشەببۇسى ياكى پەلسەپىۋىي نەزەرىيىسىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن، قۇرئان، ھەدىسلەردىن ياكى رېئال تۇرمۇشتىن ئالغان دەلىل-پاكىت ياكى مىساللار بىلەن جامائەتنى تەسىرلەندۈرۈشكە، روھلاندۇرۇشقا، ئۇلارنى قايىل قىلىپ شۇ كۆز قاراش ياكى تەشەببۇسنى قوبۇل قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

## ۋەزنى قانداق تەييارلاش كېرەك؟

ھەممىمىزگە مەلۇم، ۋەزنى ياخشى سۆزلەيمەن دەپ ئىرادە قىلغان ۋائىز ئالدى بىلەن سۆزلەشتىن ئاۋۋالقى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك، شۇڭا بەزى ئۆلىمالار: ۋەزنىڭ تېمىسىنى ياخشى تاللاش ۋەز سۆزلەشتە مۇۋاپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئالامىتىدۇر، دېگەن. يەنە بەزى ئۆلىمالار: ھەر جۈمە كۈنى سۆزلىنىدىغان ۋەزنى چوقۇم بىر ھەپتە تەييارلاش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا ۋەزنىڭ ئۈنۈمى، نەتىجىسى، جامائەتكە قالدۇرىدىغان تەسىرى ياخشى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر: ۋەز تەييارلىغاندا جامائەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ چۈشىنىش، قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتى دائىرىسىدە مەسىلىلەرنىڭ كىچىكىدىن، ئاسىنىدىن باشلاپ پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈش پرىنسىپى ئاساسىدا تەييارلاش كېرەك، دەپ قارىشىدۇ. دېمەك، ۋائىزلارنىڭ ۋەز تەييارلاش باسقۇچى ئىنتايىن مۇھىم، شۇڭا ئۇلار ۋەز تەييارلاش جەريانىدا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك.

1. **ۋەزگە مۇۋاپىق تېما تاللاش كېرەك.** ۋەز سۆزلەشتە مۇقىم ئۆلچەملىك قېلىپ بولمىسىمۇ، لېكىن ۋەزنىڭ تېمىسىنى تاللاشتا تۆۋەندىكى بىر قانچە پرىنسىپلارغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

1) ۋەزنىڭ تېمىسى جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ، مەسىلىلەرنىڭ مۇرەككەپلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

2) ۋەزنىڭ تېمىسى جامائەتنىڭ ھېسسىياتىغا تەگمەيدىغان، ئۇلار قىزىقىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە بولۇشى، ھەرگىز ئىتتىپاقسىزلىققا سەۋەبچى بولىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە بولماسلىقى كېرەك. يەنى ۋەزنىڭ تېمىسى جامائەت ئىچىدە زىددىيەت، تەپرىقىچىلىك پەيدا قىلىدىغان مەسىلىلەر ياكى دىيارىمىزدا ئومۇملاشمىغان باشقا مەزھەب كۆز قاراشلىرىنى تەرغىب قىلىش ئۈستىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولماسلىقى ، بەلكى مۇسۇلمانلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا ئۈندەيدىغان تېمىلاردا بولۇشى كېرەك.

3) ۋەزنىڭ تېمىسى جامائەتكە يېڭى بىلىم، يېڭى مەلۇمات بېرىدىغان مەزمۇندا بولۇشى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ بىلىم-ئۇچۇر تەشنالىقىنى قاندۇرالايدىغان بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا ۋەزنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ ئاشىدۇ، جامائەتمۇ رازى بولىدۇ.

4) ۋەزنىڭ تېمىسى ۋەز سۆزلىمەكچى بولغان كىشىنىڭ ئەمەلىي سەۋىيىسىگە مۇۋاپىق بولۇشى، ئۆزى تاللىغان تېمىسىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولمىغاندا ۋەز سۆزلەشنى باشلاپ قويۇپ، جامائەت ئالدىدا ھودۇقۇپ قالىدىغان، مەسىلىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن يېشىپ بېرەلمەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ، ۋەز مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

5) ۋەزنىڭ تېمىسى مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا، دىنىي ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ھەم ئۇلارنىڭ چۈشىنىش، قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگە مۇۋاپىق كېلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ۋائىزلارنىڭ سۆزلىگەن ۋەزلىرى جامائەتنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ئۈنۈملۈك، مۇۋاپپەقىيەتلىك ۋەز بولۇپ چىقىدۇ.

**2. تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال توپلاش كېرەك.** ۋەز سۆزلەش ئۈچۈن تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال توپلاش ھەم ئۇ ماتېرىياللارنىڭ ئىچىدىن ئىلغارلىرىنى تاللاپ ئايرىپ چىقىش، ئۇلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ۋەز سۆزلىمەكچى بولغان كىشىگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا ۋائىزلار بۇ ھالقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىشى كېرەك:

1) ۋائىزلار ماتېرىيال توپلاشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ۋەزنىڭ تېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆپلەپ توپلىشى كېرەك. مەسىلەن: تاللانغان مەلۇم تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ئايەت، ھەدىس، مىساللار، ھېكمەتلىك سۆزلەر، رەسۇلۇللاھنىڭ شۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلىكلىرى ۋە ئۆلىمالارنىڭ كۆز قاراشلىرى ۋاھاكازالار. تاللانغان ماتېرىياللار قانچە كۆپ بولسا تاللانغان تېمىنى شۇنچە ئەتراپلىق سۆزلەپ، مەسىلىلەرنى ياخشى يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ ھەم تىل كەمبەغەللىكىدىن قۇتۇلۇپ، ماتېرىياللاردىن ئېھتىياجغا قاراپ كەڭ-كۇشادە پايدىلانغىلى بولىدۇ.

2) ۋائىزلار توپلىغان ماتېرىياللىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ تەھلىل قىلىشى كېرەك. مەسىلەن: ئالدى بىلەن تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر ئۈستىدە توختىلىپ تەھلىل يۈرگۈزىمىز، ئايەتلەرنىڭ ھۆكۈملەرگە دالالەت قىلىشى قەتئىيمۇ ياكى زەنىيمۇ؟ ناسىخمۇ ياكى مەنسۇخمۇ؟ مۇجمەلمۇ ياكى مۇپەسسەرمۇ؟ خاسمۇ ياكى ئاممۇ؟ دېگەنلەرنى، شۇنىڭدەك ئايەتلەرنىڭ نازىل قىلىنىش سەۋەبلىرىنى، ئۆلىمالارنىڭ بۇ جەھەتتىكى كۆز قاراشلىرىنى تەھلىل قىلىمىز؛ ئىككىنچى قەدەمدە تېمىغا مۇناسىۋەتلىك تاللانغان ھەدىسلەرگە قارايمىز، تاللىغان ھەدىسلىرىمىز مۇتەۋاتىرمۇ، مەشھۇرمۇ ياكى ئاھادمۇ؟ سەھىھمۇ ياكى زەئىفمۇ؟ راۋىلىرى ئىشەنچلىكمۇ ياكى ئىشەنچسىزمۇ؟ دېگەنلەرنى تەھلىل قىلىمىز. ئاندىن كېيىن ۋەقەلىكلەرنى، ئۆلىمالارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى بىر-بىرلەپ تەھلىل قىلىپ تۈرلەرگە ئايرىپ چىقىمىز.

3) ۋائىزلار توپلىغان ماتېرىياللىرى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ تۈرلەرگە ئايرىۋالغاندىن كېيىن، ماتېرىياللار تۈرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا قاراپ تېمىغا مۇۋاپىق كەلگەن ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ جانلىق، ئەڭ قايىل قىلارلىق ماتېرىياللارنى ۋەزنىڭ

تېكىستىگە كىرگۈزسە بولىدۇ. مەسىلەن، ئەقىدىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر بولسا، ئايەت-ھەدىسلەر ھۆكۈملەرگە قەتئىي ھالدا دالالەت قىلىدىغان بولۇشى كېرەك، ھۆكۈملەرگە زەننىي ھالدا دالالەت قىلىدىغان ئايەت-ھەدىسلەرنى ئەقىدە مەسىلىلىرىدە دەلىل-پاكىت قىلىپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئەقىدىدىن باشقا ئىبادەت-مۇئامىلاتقا دائىر ھۆكۈملەردە زەئىپ ھەدىسلەر دەلىل، پاكىت قىلىنمايدۇ. ئەمما ھۆكۈمگە مۇناسىۋەتسىز ياخشى ئىشلارغا، گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتلەرگە تەشەببۇس قىلىش، ئۇنىڭدىن ئىشلىرىدا زەئىپ ھەدىسلەرنى دەلىل قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

4) ۋائىزلار توپلىغان ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىشتا جانلىق بولۇشى كېرەك، تېمىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان مەزمۇنلارنى، دەلىللەرنى ياكى ئاجىز كۆز قاراشلارنى زورمۇ-زور تېقىپ تېكىستكە كىرگۈزمەسلىك كېرەك، بەلكى تېمىنى يورۇتۇشقا ياردەم بېرىدىغان، جامائەتنىڭ چۈشىنىشىگە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىنى ئاشۇرىدىغان جانلىق ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش كېرەك.

5) ۋائىزلار تاللىغان تېمىسىغا مۇۋاپىق ماتېرىياللارنى تاللاپ بولغاندىن كېيىن، تېما ئۈستىدە ئىنچىكىلىك بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈشى كېرەك. چۈنكى ماقالە يېزىش ياكى ۋەز سۆزلەشتە ئالدى بىلەن تېما ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئۇ تېمىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

بىز پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانىدا ئويلىغان نەرسىلەرنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ قويساقمۇ بولىدۇ ياكى شۇ ئاساستا ۋەز تېكىستىنى يېزىۋالساقمۇ بولىدۇ، بۇنى ھەر بىر ۋائىز ئۆزىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىسە بولىدۇ، ۋەز ئاساسەن مۇقەددىمە، ئاساسلىق مەزمۇن ياكى مۇھىم نۇقتا ۋە خاتىمە دەپ ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ. شۇڭا بۇ ئۈچ بۆلەكنى ئۆز تەرتىپى بىلەن مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. بۇنىڭدا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك.

(1) ۋەزنىڭ مۇقەددىمىسىنى ياخشى باشلاش كېرەك. ۋەزنىڭ بېشى ياكى مۇقەددىمىسى پۈتكۈل ۋەزنىڭ يۆنىلىشىنى بېكىتىپ بېرىدۇ. ۋەزنىڭ بېشى ياخشى باشلانسا جامائەتنى دەرھال جەلپ قىلىدۇ. مەسىلەن، ''ئەئۇزۇ'' بىلەن ''بىسمىللاھ''نى ئوقۇپ، ئاندىن جاراڭلىق ھالدا ھەمدۇ-سانا، دۇرۇت-سالام ۋە شاھادەت كەلىمىلىرىنى ئېيتىمىز، ئاندىن ۋەزنىڭ تېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ياكى بىر قانچە ئايەت-ھەدىسلەرنى بىر قۇر ئوقۇپ، شۇ ئايەت-ھەدىسلەرنى شەرھلەش ئاساسىدا ۋەزنى باشلايمىز. بۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئىسلام دىنىمىزدىكى ھەر قانداق بىر ئىشنى باشلىغاندا قوللىنىدىغان ئېسىل ئەنئەنىمىزگە ۋارىسلىق قىلغان بولساق، يەنە بىر تەرەپتىن ۋەزنى تەلەپكە لايىق باشلىغان بولىمىز، ھەمدە جامائەتنىڭ ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇلارنى ۋەزگە جەلپ قىلالايمىز.

(2) ۋەزنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ياكى مۇھىم نۇقتىسىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. ۋەزنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ياكى مۇھىم نۇقتىسى ئادەتتە ۋەز تېكىستىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋەزنىڭ ئاساسىي تېمىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان ئابزاسقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھالدا، گۈزەل تىللار بىلەن ئوبرازلىق، چۈشىنىشلىك قىلىپ ئىپادىلىنىشى كېرەك. چۈنكى بۇ ئاساسلىق مەزمۇن ياكى مۇھىم نۇقتا ۋەزنىڭ جامائەتكە ئەڭ ياخشى، ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدىغان قىسمىدۇر.

(3) ۋەزنىڭ مۇقەددىمىسىنى ياخشى باشلاش، مۇھىم نۇقتىسىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشلارغا ئوخشاش، ۋەزنىڭ ئاخىرىنى

ياخشى ئاخىرلاشتۇرۇشمۇ ۋائىزلار ئالدىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ئۆتكەللەرنىڭ بىرى، چۈنكى ۋەزنىڭ ئاخىرى ۋەز مەزمۇنىنىڭ تەبىئىي يىغىنچاقلىنىشىدۇر. ۋەزنىڭ ئاخىرىدا ۋەزنىڭ ئاساسىي تېمىسىنى ئېچىپ مەقسەتنى تولۇق ئايدىڭلاشتۇرۇش، كەلگۈسى دۇنيادىكى ياخشى نەتىجە، ياخشى ئاقىۋەتلەرنى جامائەتنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش، ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇش، ھەقىقەت مەسىلىلىرىدە ئۇلارنى تېخىمۇ ئويلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىدا ، ئىدىيە-ھېسسىياتىدا يېڭىلىنىش، سىلكىنىش پەيدا قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ۋەز مۇۋاپىقىيەتلىك تاماملانغان، كۆزلەنگەن ئۈنۈمگە يەتكەن بولىدۇ.

(4) ۋەزنىڭ تۈزۈلۈش تەرتىپى ئىلمىيلىككە ئىگە بولۇشى، ۋائىزلار تەپەككۇرنىڭ قەدەم باسقۇچلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشى كېرەك. شۇڭا ۋەزنىڭ تەييارلىق باسقۇچىدا، ۋائىز ئەڭ ياخشىسى بىر قەدەر تەپسىلىيرەك تېزىس تەييارلىۋېلىشى كېرەك. تېزىس بولغاندا مەسىلىلەرنى بىر-بىرلەپ تەھلىل قىلغىلى، ۋەزنىڭ قاتلام-تەرتىپلىرىنى ئېنىق ئايرىغىلى،قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋائىزنىڭ كۆڭلىدە سان بولۇپ، ۋەز سۆزلىگەندە سۆزنى ئازماي، ئوچۇق، تەرتىپلىك قىلالايدۇ، مەركىزىي نۇقتىمۇ ئېنىق گەۋدىلىنىدۇ.

(5) ۋەزنىڭ باش-ئاخىرى ماسلاشقان بولۇشى كېرەك. يەنى تېما بىلەن مەزمۇننىڭ ماسلىشىشىغا، بايان تەرتىپىنىڭ ئىزچىللىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ۋەز رېتىملىق، ئۆلچەملىك، جەلپ قىلارلىق ھەم قايىل قىلارلىق ۋەز بولۇپ چىقىدۇ، شۇنىڭدەك جامائەتمۇ ئالقىشلايدۇ.

3. ۋەزنى سۆزلەپ سىناپ كۆرۈش كېرەك. ۋەزنى سۆزلەپ سىناپ كۆرۈش ۋەز تەييارلاش باسقۇچىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خىزمىتى، شۇنداقلا ۋەزنىڭ پۈتكۈل تەييارلىق خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ باھالاشتۇر. ئاۋۋال سۆزلەپ باققاندا مەلۇم تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگىلى، بايقالغان يېتەرسىزلىكلەرنى ۋاقتىدا تۈزەتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە رەسمىي ۋەز سۆزلىگەندە جىددىيلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.شۇڭا ئالدىن بىر قېتىم ۋەز سۆزلەپ سىناپ كۆرۈش ۋائىزلارنىڭ ۋەز سۆزلەشنى ئەمەلىيەتتىن بىر قېتىم ئۆتكۈزۈشى بولۇپ، ۋەز سۆزلەشتە مۇۋاپىقىيەت قازىنىشنىڭ مۇھىم بىر ئامىلى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇددەرىسى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

«قۇرئان كەرىم»دىن

ئى مۆمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (ئاللاھنىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆز ئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، بىر-بىرىڭلارنى ئەيىپلىمەڭلار، بىر-بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار، ئىماندىن كېيىن پىسقى بىلەن ئاتاش (يەنى مۆمىننى پاسىق دەپ ئاتاش) نېمىدېگەن يامان! ( بۇنداق نەھيى قىلىنغان ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر ( سۈرە «ھۇجۇرات» {49-سۈرە}، 11-ئايەت).

# «قۇرئان كەرىم» بىلىملىرى خەزىنىسى

هاجى يەھيا سەنۇبەر لىن سۇڭ

## بەشىنچى باپ: «قۇرئان كەرىم» تەفسىرلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلەر*

### 1. تارىختا ئۆتكەن داڭلىق ئۆلىمالارنىڭ تەفسىرلىرى ھەققىدە قىسقىچە بايان

«قۇرئان كەرىم» 23 يىلغىچە بولغان ئۇزاق يىللاردا ھەر خىل ئەھۋاللار ۋە ۋەقەلەرگە قارىتا كەينى-كەينىدىن نازىل بولغان ۋەھيى، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن-نىزاملىرىنى تۇزۇشتە ئەمەل قىلىنىدىغان ئەڭ نوپۇزلۇق ئاساس. مۇسۇلمانلار ئۇنى ئۆگىنىش داۋامىدا، ئۇنىڭدىكى ھەر بىر سۈرە، ئايەت، جۈملىلەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چوڭقۇر ئىگەللەشكە ئىنتايىن مۇھتاج. ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن مەزمۇنلار ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك بولسىمۇ، ئەمما بۇ سۈرە-ئايەتلەرگە بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلار نازىل بولۇشتىكى ئارقا كۆرۈنۈش ۋە مەقسەت-مۇددىئانى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك، بولۇپمۇ ئۇنىڭدا مەنىسى روشەن ئەمەس، ئەمما چوڭقۇر، تېگى-تەكتىگە يېتىش تەس بىر مۇنچە سۈرە ئايەتلەرمۇ بار، بۇلارنى ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلىپ، چوڭقۇرلاپ چۈشىنىش تېخىمۇ تېگىشلىك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا، بەزى سۈرە-ئايەتلەرنى چۈشەندۈرۈپ، چىگىش مەسىلىلەرنى يېشىپ بېرەتتى؛ ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بىر قانچە خەلىپىلەر ھاكىمىيەت تۇتقان مەزگىللەردىمۇ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان بەزى ئاغزاكى تەفسىرلەرنى ساھابىلار ۋە تابىئىنلار (ئىككىنچى ئەۋلاد ھەدىس رىۋايەتچىلىرى) ئارقىلىق ئاڭلاپ تۇرغىلى بولاتتى. لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ چوڭقۇرلاپ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئاغزاكى رىۋايەتلىرىنى بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق ئاڭلىغانلار بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى ھەتتا قالماي قالدى. نەتىجىدە ئىلمي تەفسىر (تەفسىرشۇناسلىق) ئىسلام دىنشۇناسلىقىنىڭ بىر تارماق ئىلمى سۈپىتىدە راۋاج تېپىشقا باشلىدى. «قۇرئان كەرىم»گىلا خاس نازۇك (مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس) سۆزلەرنىڭ ئاجايىپ مەنىلىرىنى ئەگرى-بۈگرىلىكتىن خالىي ھالدا توغرا چۈشىنىش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس، خۇددى ئايەتتە ئېيتىلغاندەك: ''(ئى مۇھەممەد!) ئۇ (ئاللاھ) ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدى. ئۇنىڭدا مەھكەم (يەنى مەنىسى ئوچۇق) ئايەتلەر باركى، ئۇلار كىتابنىڭ (يەنى پۈتۈن قۇرئاننىڭ) ئاساسىدۇر؛ يەنە باشقا مۇتەشابىھ (يەنى مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس) ئايەتلەر باردۇر. دىللىرىدا ئەگرىلىك بار (يەنى گۇمراھلىققا مايىل) كىشىلەر پىتنە

* بېشى ئۆتكەنكى سانلاردا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە مەنە بېرىش ئۈچۈن، مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ ( يەنى مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرىدۇ). بۇنداق ئايەتلەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. ئىلىمدا توشقانلار ئېيتىدۇ: 'ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان'. ( بۇنى)پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنىدۇ''(سۈرە«ئال ئىمران»{3-سۈرە}، 7-ئايەت).

بۇ ئايەتتە «قۇرئان كەرىم» مەزمۇنىنىڭ ياكى جۈملىلىرىنىڭ ئىككى خىل ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان:بىر خىلى مەھكەم (يەنى مەنىسى ئوچۇق) ئايەتلەر بولۇپ، ئەرەبچىدە''مۇھكەمات'' دېيىلگەن؛ يەنە بىر خىلى مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس ئايەتلەر بولۇپ، ئەرەبچىدە ''مۇتەشابىھات''دېيىلگەن ( بۇ ئىككىلا سۆز ئەرەبچىدە سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر). ئۆلۇمالار ئالدىنقى خىلدىكى ئايەتلەرنى تەفسىر قىلىپ چۈشەندۈرۈشتە ئاساسەن بىردەك بولۇپ، بۇ جەھەتتە تالاش-تارتىش كۆپ ئەمەس، ئەمما كېيىنكى خىلدىكى ئايەتلەرنى چۈشەندۈرۈشتە ئاردا پەرق ناھايىتى زور. شۇنداقلا يەنە، يۇقىرىدىكى ئايەتتە تەفسىر قىلىش (مەنە بېرىش) ئەرەبچە''تەئۋىل'' دېيىلگەن. شۇڭا دەسلەپكى چاغلاردا «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىگە مەنە بېرىش (تەفسىر قىلىش) كۆپرەك'' تەئۋىل قىلىش''دەپ ئاتالغان. مەسىلەن، ئەبۇ جەففار تەبەرى (838—923) ئۆزىنىڭ تەفسىرىنى شۇ نام بىلەن ئاتىغان، '' مۇفەسسىر'' ( تەفسىرشۇناس ) نى '' ئەھلى تەئۋىل'' دەپ ئاتىغان. ئەمما كېيىنچە ئايەتلەرگە چۈشەندۈرۈپ مەنە بېرىش ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا تەفسىر قىلىش دەپ ئاتىلىدىغان بولدى ۋە ئادەت يوسۇندا مەخسۇس «قۇرئان كەرىم»گە مەنە بېرىشنى كۆرسىتىدىغان ئومۇمىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە كەڭ دائىرىدە قوللىنىلىدىغان سۆز بولۇپ قالدى.''تەفسىر''دېگەن بۇ ئاتالغۇ «قۇرئان كەرىم»دىن كەلگەن:''كاپىرلار:'قۇرئان نېمىشقا ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىر قېتىمدىلا نازىل قىلىنمىدى؟'دېدى. سېنىڭ دىلىڭنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى پارچە-پارچە نازىل قىلدۇق، ئۇنى ئايرىم-ئايرىم نازىل قىلدۇق.ئۇلار(يەنى مۇشرىكلار) قانداق بىر سۇئالنى تاشلىمىسۇن، (ئۇنىڭغا قارىتا) بىز ساڭا ھەق جاۋابنى ۋە ھەممىدىن گۈزەل چۈشەندۈرۈشنى نازىل قىلدۇق''(سۈرە «فۇرقان»{25-سۈرە}، 32-33-ئايەتلەر). ئاخىرقى جۈملىدىكى ''چۈشەندۈرۈش'' دېگەن سۆز ئەرەبچىدە''تەفسىر'' دېيىلگەن. گەرچە بۇ سۆز''تەئۋىل''بىلەن مەنىداشلىقتا يېقىن سۆز بولسىمۇ، شۇنداقلا بۇ ئىككى سۆزنىڭ ھەر ئىككىلىسى«قۇرئان كەرىم»دىن ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئايەتلەرنى چۈشەندۈرۈش دائىرىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىگە ۋە ئايەتلەرنى تەتقىق قىلىش دەرىجىسىنىڭ داۋاملىق چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بەزىلەر: بۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنىسىدە مەلۇم پەرق بار، ئۇلارنى تامامەن ئوخشاش مەنىدە، دېيىشكە بولمايدۇ، دەپ قارايدىغان بولدى.مەسىلەن: تەسەۋۋۇف ئالىمى جالالىدىن سۈيۇتى:''''تەفسىر' سۆزى ئايەتلەرنىڭ زاھىرى مەنىسىنى چۈشەندۈرۈشكە قارىتىلغان، 'تەئۋىل'بولسا دىنىي بىلىملەرنى چوڭقۇر تەھسىل قىلغان ياكى ئەمەلىي ئىبادەت-ئەمەللەر ئارقىلىق بىۋاسىتە تەسىرات ھاسىل قىلغان ئۆلىمالارنىڭ ئايەتلەرنىڭ ئىچكى سىرلىق مەنىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشى ۋە چۈشەندۈرۈشلىرىنى كۆرسىتىدۇ'' دەيدۇ. بىراق ئادەتتىكى مۇفەسسىرلەر كۆپرەك ئۆزلىرىنىڭ قۇرئان ئايەتلىرىنى چۈشەندۈرۈشىنى''تەفسىرقىلىش'' دەپ ئاتايدۇ.

ئىلمىي تەفسىر توختىماي راۋاج تېپىپ، مول مېۋىلەرنى بەردى. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ تەفسىرلەردە ئايەتلەرنىڭ ئوقۇلۇشى(قىرائەت قىلىنىشى)،

گراماتىكىسى، ئىستىلىستىكىسى، سۆز مەنىسى ۋە نازىل بولۇشتىكى زامان، ماكان ئارقا كۆرۈنۈشى تەتقىق قىلىنىپ ياكى ئېنىقلاپ چۈشەندۈرۈلۈپلا قالماستىن، يەنە ئىلگىركىلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم» تەتقىقات نەتىجىلىرى ئەينەك قىلىنىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە كىشىلەرنىڭ ئايەتلەرگە بولغان تونۇشى، تەسىراتلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، پۈتكۈل «قۇرئان كەرىم» ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېكمەت، ئەقىدە، نىزام-ئەمىر، قىسسە، مەسەل قاتارلىق تەرەپلەر يىغىنچاقلانغان، سېلىشتۇرۇلغان ۋە يەكۈنلەنگەن. ئەلۋەتتە، مۇفەسسىرلەرنىڭ تەفسىرات مۇۋاپپەقىيەتلىرىدە، ئۇلارنىڭ مەزھەب ياكى ئىلمىي ئېقىم كۆز قاراشلىرى ئىپادىلەنمەي قالمىغان، ئۇنىڭدا ئۇلار ئۆزلىرى ئېرىشكەن رىۋايەت ماتېرىياللىرى ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇنداقلا ھەر قايسى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى ۋە مۇۋاپپەقىيەتلىرى بولغاچقا، ئۇلار تەفسىر قىلىش جەھەتتىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلەرنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، بەزى تەفسىرلەردە تەفسىر قىلىش تىل-يېزىق جەھەتتىن ئېلىپ بېرىلىپ، ئايەتلەر گراماتىكا، ئىستىلىستىكا، جۈملە قۇرۇلمىسى جەھەتتىن تەپسىلىي بايان قىلىنغان؛ بەزى تەفسىرلەردە فىقھە، ئەھكاملار سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنىپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەر قايسى سۈرە-ئايەتلىرىدە پارچە ھالەتتە يولۇقىدىغان، ئەمما ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەزمۇنلار ئالاقىلاشتۇرۇلۇپ ۋە كىرىشتۈرۈلۈپ، سىستېمىسى مۇكەممەل بولغان ئەھكاملار ھاسىل قىلىنغان؛ بەزى تەفسىرلەردە تارىخىي قىسسىلەر ئاساس قىلىنىپ، ئايەتلەردىكى پەيغەمبەرلەرگە ئالاقىدار ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك قىسسىلەر چىقىش قىلىنىپ، تارىخىي ماتېرىيال ۋە رىۋايەتلەر يىغىپ جەملىنىش بىلەن، كەڭ دائىرىدە نەقىل ئېلىنىپ بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلار تولۇقلانغان ۋە مۇللاشتۇرۇلغان. تەفسىرلەرنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدا، تا يېقىنقى، ھازىرقى زامان تەفسىرات مۇۋاپپەقىيەتلىرىدە ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، مېدىتسىنا ئىلىملىرى ئاساسىي گەۋدە قىلىنىپ تەبىئىي پەن ساھەسىگە چېتىشتۇرۇلغان. مەلۇم سۈرە، مەلۇم ئايەت، مەلۇم جۈملىدىكى بىشارەتلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئىلىم-پەن تەتقىقات نەزەرىيىسى بىلەن بولغان زىچ ئالاقىسى تىلغا ئېلىنىپ، ئايەت مەزمۇنلىرى موشۇ جەھەتتىن بايان قىلىنغان مەخسۇس ئەسەرلەر يېقىنقى يىللاردىن بېرى كۆپلەپ مەيدانغا چىقىۋاتىدۇ، گەرچە بۇ ئەسەرلەر سىستېمىلىق يېزىلغان تەفسىر بولماستىن، بەلكى ھەر كىمنىڭ شەخسىي كۆز قارىشى ۋە پارچە تەسىراتلىرىدىن ئىبارەت بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئالامەتلەر شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، ئىلمىي تەفسىر يەنىلا داۋاملىق راۋاج تاپىدۇ، ئالەمنىڭ سىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىزدىنىشلەرگە ئوخشاش، بۇ جەھەتتە يېڭى ئىختىرالار بولىدۇ.

### (1) تەفسىرلەرنىڭ تۈرلىرى

مۇسۇلمان ئالىملار ئايەتلەر تەفسىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئادەتتە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئۈچ خىلغا ئايرىيدۇ:

<1>رىۋايەتلىك تەفسىر. بۇ خىل تەفسىر ئەۋلادمۇ ئەۋلاد رىۋايەت قىلىنىپ كەلگەن ماتېرىياللارنى ئاساس قىلىدۇ، ئۇنىڭدا ئايەتلەرنىڭ ئۆزىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار ئارقىلىق ئايەتلەر ئۆز ئارا شەرھلىنىدۇ، بىر-بىرىگە باغلىنىدۇ؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ھەدىس شەرىف»تە بايان قىلىنغان سۆزلىرى ۋە ئىش ئىزلىرى ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم»ئايەتلىرى شەرھلىنىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ۋە تابىئىنلارنىڭ سۆز-

كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھەرىكەتلىرى ھەم ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى چۈشىنىشى تەفسىر قىلىش ئاساسى قىلىنىدۇ.

بۇ خىلدىكى تەفسىرلەرنى ئىپتىدائىي ئەسلىي ماتېرىياللارنىڭ ياكى ئاغزاكى تارقالغان ماتېرىياللارنىڭ يازما خاتىرىسى دېيىشكە بولىدۇ، ئۇنىڭدا بۇ ماتېرىياللارنى توپلىغۇچىلارنىڭ ئۆز كۆز قارىشى ئىپادىلەنمەيدۇ. بۇ خىل تەفسىرلەر ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىقى ئەھلى سۈننىلارنىڭ مەشھۇر مۇفەسسىرى تەبەرى(ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد ئىبنى جەرىر تەبەرى،838—922) نىڭ «جامئۇل بەيان فى تەفسىرىل قۇرئان»دېگەن تەفسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا«قۇرئان كەرىم»نىڭ تىزىلىش تەرتىپى رېتىدە سۈرە، ئايەت، ئابزاس، جۈملىلەر بويىچە تەفسىر قىلىنغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ساھابىلار ۋە تابىئىنلار رىۋايەت قىلغان مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار بىر-بىرلەپ تىزىپ چىقىلغان (ھەممىلا رىۋايەتتە ھەر بىر رىۋايەتنى بايان قىلغۇچىنىڭ ئىسمى يېپ ئۇچى قىلىنغان)، شۇنداقلا ناھايىتى كۆپ رىۋايەتلەرنى، جۈملىدىن ئىسرائىلىيە رىۋايەتلىرىنى يىغقان، ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەفسىر مۇۋاپپەقىيەتلىرىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلغان. بۇ تەفسىر كىتابى ''رىۋايەتلىك تەفسىر'' لەرنىڭ نەمۇنىسى دەپ قارىلىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆتكەن ئۆلىمالار ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىقلىرىنى تاللاپ«تەبەرى تەفسىرىدىن تاللانما»نى تۈزۈپ چىققان. تەبەرىنىڭ تەفسىر كىتابى كېيىنكى زامانلاردا«قۇرئان كەرىم»نى تەفسىرلەشكە ئاساس سېلىپ بەرگەن بولۇپ، ناھايىتى زور تەسىرگە ئىگە*

ئۇنىڭدىن باشقا، ''رىۋايەتلىك تەفسىر''لەر ئىچىدە مەشھۇرراقلىرىدىن يەنە ئىبنى كەسىرنىڭ «تەفسىر ئەل قۇرئان ئەل ئەزىم»(«ئەزىم قۇرئان تەفسىرى»)دېگەن كىتابى بار. سۈرىيىلىك ئۆلىما ئىبنى كەسىر(1302—1373)نىڭ بۇ تەفسىر كىتابىدا ماتېرىياللار كۆپرەك ھەدىس شەرىف ۋە ئۆتكەن ئۆلىمالارنىڭ سۆزلىرىدىن تاللانغان، ماتېرىيال تاللاش تەبەرىنىڭ كىتابىدىكىدىن پۇختا بولغان. ئۇ ئاۋۋال ئايەتلەردىن دەلىل ئالغان، ئاندىن بۇ ئايەتنى ئىخچام ۋە ئېنىق قىلىپ تەفسىرلىگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە مۇناسىۋەتلىك ئايەتنى نەقىل كەلتۈرۈپ، سېلىشتۇرۇپ شەرھلەپ، ئايەتنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى بايان قىلغان، بۇنداق قىلىش ''ئايەتنى ئايەت بىلەن يېشىش'' دەپ ئاتالغان. ناۋادا نەقىل ئۈچۈن مۇناسىپ ئايەتنى تاپالماي قالسا، ھەدىستىن نەقىل ئالغان؛ ھەدىستىنمۇ مۇناسىپ ماتېرىيال تاپالمىسا، پېشىۋا ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرىدىن نەقىل ئالغان. بۇ كىتاب رىۋايەتلىك تەفسىرلەر ئىچىدە ئەڭ نوپۇزلۇق ھېسابلىنىدۇ.

بۇ خىلدىكى تەفسىرلەرنىڭ مەشھۇرراقلىرىدىن يەنە تۆۋەندىكىلەر بار:

ئەبۇ لەيسى سەمەرقەندىنىڭ «بەھرۇل ئۇلۇم» دېگەن تەفسىرى؛

ئەبۇ ھەمىد بەقەۋىنىڭ «مەئالىم ئەتتەنزىل» دېگەن تەفسىرى؛

ئىبنى ئاتىيىنىڭ «ئۇلۇغ كىتابنىڭ قىسقىچە تەفسىرى» دېگەن تەفسىرى؛

فىرۇزى ئابادىنىڭ «تەفسىرى ئىبنى ئابباس» دېگەن تەفسىرى...قاتارلىقلار.

بۇ تەفسىرلەرمۇ تەفسىر ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىدا يۈكسەلدۈرۈش ۋە تۈرتكىلىك رولىنى ئوينىغان.

<2>چۈشەنچىلىك تەفسىر. ''پىكرەن تەفسىر''دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ، ئايەتلەرنى تەفسىر قىلىش داۋامىدا ئايەتلەرنى شەرھلەش ئاساسى

*تەبەرىنىڭ«جامئۇل بەيان فى تەفسىرىل قۇرئان»دېگەن كىتابى«قۇرئان كەرىم»نى تەفسىرلەشكە ئاساس سېلىپ يول ئېچىپ بەرگەن توپلام بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردىكى مۇفەسسىرلەر كۆپىنچە موشۇ كىتابىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. پەقەت سۈرىيىلىك ئەبۇ فىدا ئىبنى كەسىر(1302 — 1373):بۇ كىتابتا ئىسرائىلىيە رىۋايەتلىرىنى كۆپلەپ ئىشلەتمەسلىكى كېرەكتى، دەپ تەنقىد قىلغان.

قىلىشقا رىۋايەت قىلىنىشى ئىشەنچلىك ماتېرىيال تېپىلماي قالغاندا، تەفسىر قىلغۇچىنىڭ شەخسىي چۈشەنچىسى بويىچە ئايەتلەرنى شەرھلەشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل تەفسىر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ''رىۋايەتلىك تەفسىر''گە ئوخشىمايدۇ، بەلكى يورەكلىك ھالدا بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما شەرھلىگۈچى ناھايىتى چوڭقۇر ئىسلامىي بىلىمگە، خېلى پۇختا ئەرەب تىلى ئاساسىغا ئىگە بولۇشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىغا ۋە ئىسلام دىنى تارقالغان دەسلەپكى چاغلاردىكى تارىخقا خېلى پىششىق بولۇشى لازىم، شۇ چاغدىلا ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان چۈشەنچە قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولالايدۇ.

بۇ خىلدىكى تەفسىرلەرمۇ ناھايىتى مول. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرى فەخرىددىن رازى( 1149—1209) نىڭ«مەفاتىھۇل غەيب» («غايىباتلار ئاچقۇچلىرى») دېگەن تەفسىرىدۇر. ئۇ مول بىلىملىك ۋە ئىقتىدارلىق ئالىم بولۇپ، ھەر خىل پەنلەر جەھەتتە پۇختا ئاساسقا ئىگە ئىدى، ئۇ بىرىنچى بولۇپ تەبئىي پەننى ئىلمىي تەفسىرگە ئېلىپ كىرگەن ئالىمدۇر. ئۇ پەلسەپە، ئاسترونومىيە، ئالەمشۇناسلىق، زوئولوگىيە، بوتانىكا ۋە ئادەم ئاناتومىيىسى قاتارلىق پەنلەر بىلىملىرىنى تەتبىقلاش ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھېكمەت سىرلىرىنى قىسقىچە شەرھلەشكە تىرىشقان. كۆپ يىللار تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق 12 توملۇق گىگانت ئەسىرىنى تاماملىغان، بۇ ئەسەر ئىلمىي تەفسىر جەھەتتە تىكلەنگەن تەنها بىر ئۈلگە بولۇپ، ئەقلىيەتكە ئىنتايىن باي، ''چۈشەنچىلىك تەفسىر''لەر ئىچىدىكى نەمۇنىلىك ئەسەردېگەن شۆھرەتكە ئېرىشكەن.

پارىسى ئالىملاردىن نەسىرىددىن بەيزاۋى (؟ — 1286) نىڭ«ئەنۋار ئەتتەنزىل ۋە ئەسرار ئەتتەئۋىل»دېگەن تەفسىرىمۇ ئەھلى سۈننىلارنىڭ''چۈشەنچىلىك تەفسىر''لىرىدىن بىرى. بۇ ئالىم زەمەخشەرىنىڭ«تەفسىرى كەششاف»دېگەن تەفسىرى بىلەن فەخرىددىن رازىنىڭ«مەفاتىھۇل غەيب» دېگەن تەفسىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، «قۇرئان كەرىم»نى تىل سەنئىتىدىن تارتىپ تۆرلۈك مول مەزمۇنلىرىغىچە ئەتراپلىق تەفسىرلىگەن، ئۇنىڭ ھاشىيەسىگە تۆرلۈك ئوقۇش (قىرائەت) ئۇسۇللىرىنى بەرگەن. بۇ تەفسىرنىڭ قورۇلمىسى پۇختا، لوگىكىلىقى مۇپەسسەل، سۆزى راۋان بولۇپ، شەرقتىكى ئەھلى سۈننىلارنىڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرىدا ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى مەسچىت-مەدرىسلەردە بۇ تەفسىرنى كۆپرەك مەدرىسە-مەسچىت مائارىپىنىڭ دەرسلىكى قىلىپ قوللىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىلمىي قىممىتى بىر قەدەر ئۈستۈن بولغاچقا، كېيىنچە بۇ تەفسىرگە ئىزاھ يازغۇچىلار كۆپ بولغان، ئۇلار ئىچىدە شەيخ زاد (؟— 1544) نىڭ يازغان ھاشىيەسى ئەڭ تەپسىلىي. بۇ تەفسىر يەنە ئىنگلىزچىگە قىسقارتىلىپ تەرجىمە قىلىنغان.

چۈشەنچىلەربايان قىلىنغان بۇ خىلدىكى تەفسىرلەردىن يەنە تۆۋەندىكىلەر بار:

ئالاۋۇددىن باغدادىنىڭ «لۇباب ئەتتەئۋىل فى مەئانى ئەتتەنزىل» دېگەن تەفسىرى؛

خەتىبىنىڭ «ئەل سىراج ئەل مۇنىر» دېگەن تەفسىرى؛

ئەبۇ ھەييانىنىڭ«بەھرۇل مۇھىت» دېگەن تەفسىرى... قاتارلىقلار.

يېقىنقى، ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرىنىڭ تەفسىرلىرى كۆپرەك موشۇ تىپقا ياتىدۇ، يەنى ئۇلار ئۆز تەفسىرلىرىدە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان''رىۋايەتلىك تەفسىر''لەردىكى ماتېرىياللاردىن نەقىل ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىش تەسىراتلىرىنىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بايان قىلىنغان.

<3> تەسەۋۋۇر تەفسىر. ''نىيەتلىك تەفسىر''دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ «قۇرئان كەرىم»نى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان ھەمدە پۈتۈن ۋۇجۇدىنى رىيازەتلىك ئىستىقامەتكە بېغىشلىغان بەزى ئۆلىمالارنىڭ ئايەتلەرنىڭ زاھىرەن مەنىسىدىن ھالقىپ، ئۆزىنىڭ ئىستىقامەت ئارقىلىق ھاسىل قىلغان تەھسىلى ئىدراك تەسراتى بويىچە، ئايەتلەرنى ئالاھىدە، سىرلىق، دادىل تەسەۋۋۇر بىلەن شەرھىيلىشىگە قارىتىلغان. بۇ جەھەتتە تەسەۋۋۇفچى ئۆلىمالار يازغان تەفسىرلەر ئالاھىدە گەۋدىلىك.

سەھل تۇستەرى تۈزگەن «تەفسىرىل قۇرئان»(«قۇرئان تەفسىرى»)تەسەۋۋۇفچىلارنىڭ ئەڭ بالدۇرقى تەفسىرىدىن بىرى. بۇ تەفسىردە ئۆز مەزھىبىنىڭ تەشەببۇسى بويىچە «قۇرئان كەرىم» گە سىرلىق تەسەۋۋۇر تەفسىر قىلىنغان. بۇ خىل ئىدىيە سىستېما بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئەھلى سۈننىلار بىلەن ئەھلى شىئەلەردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ پىرقىنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭىپ كىرىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ھەر قايسى ئىلىم تارماقلىرىنى تەسەۋۋۇپچىلىق تۈسىگە ئىگە قىلغان. ئۇلارنىڭ قۇرئان ئايەتلىرىنى شەرھىيلەشتىكى گەۋدىلىك بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار مۇتەشابىھ(مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس) ئايەتلەرنى تېخىمۇ سىرلىق، تېخىمۇ ھېكمەتلىك قىلىپ شەرھىيلەپلا قالماستىن، بەلكى مەنىسى ئۆزىدىن ئېنىقلا چىقىپ تۇرىدىغان، بىر قاراپلا چۈشەنگىلى بولىدىغان مەھكەم(مەنىسى ئوچۇق)ئايەتلەرنىمۇ سۆز مەنىسىدىن ھالقىپ چۈشەندۈرىدۇ.

بۇ خىلدىكى تەفسىرلەر ئىسلام دىنىنىڭ ئىككى ئالەملىك نۇقتىئىنەزىرى جەھەتتە پانىي دۇنيانى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، باقىي ئالەمگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىشىنى، رېئاللىقتىن چەتنەپ تەركىي دۇنيا بولۇپ، رىيازەتلىك ئىستىقامەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تەفسىرلىرىدە ''قەلبنى پاكلاپ، تەبىئىتىنى تاۋلاش''، ''نەفسى خاھىشىنى تىزگىنلەش''، ''ئاللاھقا مۇھەببەت باغلاش''، ''مەڭگۈلۈك ھاياتقا تەلپۈنۈش''، ''ۋىسالۇل ھەق''(ئاللاھ بىلەن بىرلىشىپ كېتىش) دېگەندەك تەشەببۇسلار تەرغىب قىلىنىدۇ.'' تەسەۋۋۇر تەفسىر''غا ئوخشۇشۇپ كېتىدىغان، تەسەۋۋۇفچىلىقنى تەرغىب قىلىدىغان ئەسەرلەردىن يەنە سەلىمىنىڭ«ھەقائىق ئەل تەفسىر»، ئىبنى ئەرەبىنىڭ«ئەل جەمئى ۋەتتەفسىل فى ئەبدائى مەئانى ئەتتەنزىل»قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

ئەھلى سۈننىلەرنىڭ ئۆلىمالىرىدىن ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، تەسەۋۋۇف تەشەببۇسلىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىدىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەفسىر يازغانلاردىن تۆۋەندىكىلەر بار:

ئىسمائىل ھەكى(1652—1725، تۈركىيە ئۆلىماسى)نىڭ «روھۇل بەيان»دېگەن 10 كىتابلىق تەفسىرى، بۇ تەفسىر ئەرەبچىنى ئاساس قىلىپ، پارسچە، تۈركچىنى قوشۇمچە قىلىپ يېزىلغان.

ئارۇسى(1652—1725، ئىراقلىق ئۆلىما)نىڭ«روھۇل مەئانى»دېگەن تەفسىرى. بۇ تەفسىر ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى مەھمۇدII(1808—1839)نىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە مۇيەسسەر بولغان.

ئەلۋەتتە، ھەر قايسى مەزھەب ئۆلىمالىرىنىڭ ھەممىسىلا ئۆز مەزھىبىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىقادىنى تەفسىرگە باھا بېرىشىنىڭ ئۆلچىمى قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرى ئىختىلاپلاردىن خالىي بولالمايدۇ. جامائەتچىلىك قارىشىدا ئادەتتە تەفسىرلەر«مەمدۇھ تەفسىر» ۋە «مەزمۇم تەفسىر»دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ، ھەمدە: ئۇنىڭ بىرىنچىسى پايدىلىنىش

قىممىتىگە ئىگە بولغاچقا، ئۇنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ، ئىككىنچىسى بولسا سەگەكلىك بىلەن تەھلىل قىلىشقا تېگىشلىك بولۇپ، ئۇنى ئالدىراپ قوبۇل قىلماسلىق كېرەك، دەپ قارىلىدۇ.

### (2) كونا-يېڭى تەفسىر كىتابلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا تۈرلۈك ئېقىملار مەيدانغا كەلدى ۋە تەدرىجىي ھالدا ئەھلى سۈننىلار ۋە ئەھلى شىئەلەر دېگەن ئىككى چوڭ پىرقە شەكىللەندى. كېيىنچە يەنە سىرلىق ھېكمەت تۈسىگە ئىگە ئەل سۇفىيە (تەسەۋۋۇپچىلىق) مەيدانغا چىقتى. بۇ ئېقىملارنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئۆزىگە خاس سىياسىي، دىنىي چۈشەنچىسى ۋە ئىلمىي كۆز قاراشلىرى بار بولۇپ، ئۇلاردىن بىلىمى چوڭقۇر، مەشھۇر كۆز قاراشلارنى تۇرغۇزغان بىر تۈركۈم ئۆلىمالار، فەقىھلەر، مۇفەسسىرلەر مەيدانغا كەلگەن ۋە ئۇلار مول مۇۋاپپەقىيەتلەرنى بەرپا قىلغان. ئۇلار ھەر قايسى چوڭ پىرقە، مەزھەبلەردە «قۇرئان كەرىم»نى تەفسىرلەش ساھەسىدە تۆھپە يارىتىپ، ئۆز پىرقىسى، مەزھىبىنىڭ كۆز قاراش، تەشەببۇسلىرىنى پۈت تىرەپ تۇرالايدىغان قىلىشتا زور رول ئوينىغان.

<1>سۈننىيلار تەفسىرلىرى: بۇ تەفسىرلەردە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ئەنئەنىۋى ئىدىيە كۆز قارىشى بىلەن شەرھلەنگەن، تۆت چوڭ خەلىفىدىن تارتىپ ئوسمانى ئېمپېرىيىسىگىچە بولغان ھاكىمدارلارنىڭ قانۇنىيلىقى ئېتىراپ قىلىنغان، ھەسەن بەسرى، تۆت چوڭ ئىمامدىن تارتىپ ئەبۇل ھەسەن ئەل ئەشرى، ئەل غەززالى قاتارلىقلارنىڭ دىنىي تەلىماتلىرى ۋە تەشەببۇسلىرى قوبۇل قىلىنغان. ئۇلار ئىمان مەسىلىسىگە چېتىشىدىغان ئايەتلەرنى خالىغانچە چۈشەندۈرمەستىن، ئۇنىڭ زاھىرەن مەنىسىگە ئەمەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئىمان مەسىلىسىدە «قۇرئان كەرىم»گە ئەمەل قىلىش كېرەك، ئۇنىڭ ئەكسىنى قىلىپ، «قۇرئان كەرىم»نى شەرھلەش ئارقىلىق ئىماننى ئاجىزلىتىشقا بولمايدۇ. فىقھە (شەرىئەت) جەھەتتە ئۇلار ھەدىس شەرىف ۋە تۆت مەزھەب (ئەھلى فىقھە) نىڭ تەشەببۇسلىرىنى «قۇرئان كەرىم»نى شەرھلەشنىڭ ئاساسى قىلىدۇ؛ ئەمما ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى دىنىي پەنلەر ۋە تەبىئىي پەنلەرنىڭ تەتقىقات مۇۋاپپەقىيەتلىرى ئارقىلىق شەرھلەشنىمۇ چەتكە قاقمايدۇ. ئەھلى سۈننىيلارنىڭ تەفسىرلىرى ھەر قايسى دەۋرلەرنىڭ ھەممىسىدە بار بولۇپ، سانى خېلى كۆپ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ياش ساھابىسى ئىبنى ئەبباس (؟—687) دەسلەپكى چاغلاردا تەفسىرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ئۆلىما ئىكەن. ئۇ كېيىنرەك تۇغۇلغان بولۇپ، باشقا ساھابىلارغا قارىغاندا ياش، زېرەك، سەزگۈر، ئېسىدە ساقلاش ئىقتىدارى كۈچلۈك بىر ساھابە ئىكەن. ئۇ «قۇرئان كەرىم»دىكى مەلۇم بىر ئايەتنىڭ قاچان ،قەيەردە، نېمە ئىش سەۋەبىدىن نازىل بولغان ۋەھيى ئىكەنلىكىگە ناھايىتى پىششىق بولۇپ، ئۇنىڭغا شاھىد بولالايدىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى لاياقەتلىك قۇرئان تەفسىرچىسى، دېگەنىكەن. بولۇپمۇ ئۇ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلىپ (مىلادى 632-يىلى) 55 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ۋاپات بولغان، ئۇنى ھەقىقەتەن ئەڭ ياش ''پىشقەدەم'' دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ئەرەبلەرنىڭ نۇرغۇن شېئىر-قوشاقلىرىنى يادقا ئېيتىپ بېرەلەيدىكەن، قىسسە-رىۋايەتلەرگە پىششىق بولۇپ، ھەممىسىنى مۇكەممەل سۆزلىيەلەيدىكەن، ئۇ ئەرەبلەرنىڭ خەلق تىلىغا ماھىر ئىكەن؛ ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ «قۇرئان كەرىم»دىكى ئىككى يۈز سۆزنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەرەبلەرنىڭ شېئىر-قوشاقلىرىدىكى ئەمەلىي مىساللار بىلەن شەرھلەپ، ئۇلارنىڭ ئەرەب مىللىتى دائىم ئىشلىتىپ كەلگەن تەمسىل سۆز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن ئىكەن. ئۇ كۆندۈزى كەئبە بەيتۇللا ھويلىسىدا ئولتۇرغاندا، دائىم بەزىلەر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۇنداق-مۇنداق سوئاللارنى سورايدىكەن، ئۇ بولسا ھەمىشە ئۆز لايىقىدا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىدىكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، نەفۇر ۋە نەجد دېگەن ئىككەيلەن، ئۆزلىرىچە ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان بۇ ئەرزىمەس شۇمتەكتىن قۇسۇر چىقىرىپ ئۇنى تەڭلىكتە قالدۇرۇش قەستىدە ئۇنىڭدىن سوئال سورىماقچى بولۇپتۇ. ئۇلار:''«قۇرئان كەرىم»دە:'بۇ كىتاب ئەرەبچە نازىل بولغان، ئەرەبلەر ئۇقىدىغان ئوچۇق تىلدا چۈشكەن'،دېيىلىپتۇ، ئۇنداق بولسا سەن دەپ بېرەلەمسەن:سۈرە«مائارىج»(70-سۈرە)نىڭ37-ئايىتىدىكى''عزين''(''ئىزىن''، ''توپ-توپ بولۇپ''دېگەن مەنىدە)دېگەن سۆزمۇ ئەرەبلەرگە تونۇشلۇق سۆزمۇ؟ بۇ سۆز قەيەردە بار؟''دەپ سوراپتۇ. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ سورىغىنى مۇنداق سەۋەبتىن چۈشكەن ئايەت ئىكەن: ئەينى يىلى بىر تۈركۈم كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قورشىۋېلىپ يولسىزلىق قىلغان ھەمدە:''جەننەت راستتىن مەۋجۇت بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا سىلەردەك ياللاڭتۆشلەر كىرەلمەيدۇ، ئەۋۋەل بىز كىرىشىمىز كېرەك''دەپ بىلجىرلاپتۇ. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن ئىكەن:''(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارغا نېمە بولدىكىن، **ئۇلار سەن تەرەپكە تېز كېلىشىپ، ئوڭ-سول تەرىپىڭدە توپ-توپ بولۇپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئۇلاردىن ھەر بىر ئادەم نازۇنېمەتلىك جەننەتكە كىرگۈزۈلۈشنى تەمە قىلامدۇ؟**''(سۈرە«مائارىج»{70-سۈرە}، 36—38-ئايەتلەر).ئىبنى ئەبباس ئانچە ئويلىنىپ تۇرمايلا دەرھال:''بۇ ئەلۋەتتە ئەرەب مىللىتىگە تونۇشلۇق سۆز، سىلەر ئاڭلاپ باقمىغانمۇ؟ شائىر ئابد بىننى ئەبۇ ئاس... شېئىرىدا:'ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ئۇ... ئالدىرىشىپ، ئورۇۋالدى مۇنبەرنى توپ-توپ بولۇشۇپ' دېگەن مىسرالاردىكى 'توپ-توپ بولۇشۇپ'دېگەن سۆز ئەرەبچە'عزين' ئەمەسمۇ؟''دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئۇ ئىككەيلەن ئىبنى ئەبباسقا «قۇرئان كەرىم»گە دائىر يەنە بىر مۇنچە سوئاللارنى قويغان. مەسىلەن:سۈرە «مائىدە» (5-سۈرە) نىڭ 35-ئايىتىدىكى'' الوسلة'' ('' ئەل ۋەسىلەت''، ئەسلى مەنىسى'' ۋاستىچى'' دېگەنلىك بولۇپ، ئايەتتە'' ئاللاھنىڭ يېقىنچىلىقىغا ئېرىشىش يولى''دېگەن مەنىدە كەلگەن) دېگەن سۆزنى سورىغان. ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:''ئى مۆمىنلەر! **مەقسەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ(نىڭ ئازابى)دىن قورقۇڭلار، ئاللاھقا يېقىنچىلىقنى تىلەڭلار، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار''.**

ئىبنى ئەبباس شۇ ھامانلا شائىر ئەنتەرنىڭ ئەسىرىدىكى'' ۋەسىلەت'' دېگەن سۆز بار مىسرانى ئىسپات قىلغان. ئۇ ئىككەيلەن ئۇنى گەپتە تۇتۇۋالالمىغاندىن كېيىن ئاندىن چىن كۆڭلىدىن قايىل بولغان.

ئەپسۇسكى ئىبنى ئەبباس يازما ئەسەر قالدۇرمىغان،600يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، فىرۇز ئابادى(1329—1414) تۈزگەن«تەفسىر ئىبنى ئەبباس»دېگەن تەفسىرنىڭ ھەر بىر بابىنىڭ بېشىدا ئۇز تەفسىرىنىڭ ئىبنى ئەبباسنىڭ ئۆز بايانىدىن ئېلىنغانلىقى ئەسكەرتىلگەن، بىراق ئارىلىقتا بەك ئۇزاق يىللار ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ چىنلىق دەرىجىسى گۇمانلىقراق.

ئىشەنچلىكرەك قاراش شۇكى، «قۇرئان كەرىم» ئۈستىدە ئەڭ بالدۇر يازما تەفسىر بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئىبنى جۇرەيج (701—771)ئىدى، ئۇ ئەسلىدە يەھۇدى بولۇپ، ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ ئىسلامغا كىرگەن. ئەپسۇسكى بۇ تەفسىر ئاللىبۇرۇن يوقالغان. ھازىرغىچە بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ

قالغان بىر تەفسىر يەھيا بىننى سالام(742—815) تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، بۇ تەفسىرنىڭ قولىيازمىسى ھازىر تۇنىستىكى زەيتۇنە ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن قەيرەۋان جامەسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئەرەب ئەللىرىدىكى چوڭ كۇتۇپخانىلارنىڭمۇ كۆپىنچىسىدە بۇ تەفسىرنىڭ سۈرەتكە ئېلىنغان نۇسخىسى بار.

كېيىنكى دەۋرلەردە تارقىلىپ تەسىرى زورراق بولغان بالدۇرقى تەفسىر، ئېھتىمال بىر باشتا''رىۋايەتلىك تەفسىر'' ئىچىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «جامىئۇل بەيان فى تەفسىرىل قۇرئان» دېگەن تەفسىر بولسا كېرەك. ئۇنىڭغا توپلانغان ماتېرىياللار ئىنتايىن مول ۋە قىممەتلىك بولغانلىقى، ئۇنىڭ ھەجمىنىڭ چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەندالۇزىيە ئالىمى ئىبنى سەمەدىھى ئۇنى ئىخچاملاپ «تەبەرى تەفسىرىدىن تاللانما»نى تۈزۈپ چىققان. فرانسىيىلىك پېر گېيۇتى ئۇنى فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. بۇ ئىسلام مەدەنىيىتى جەھەتتىكى مۇھىم بىر مىراس بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىلگىرى ئۆتكەن پېشىۋالارنىڭ كۆز قاراشلىرى ساقلاپ قېلىنغان، ئۇ قۇرئان تەفسىرشۇناسلىقى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىنى سېلىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر. شافىئىيە مەزھىبىنىڭ ئۆلىماسى ئەبۇ ھەمىد ئىسفرايىنى بۇنىڭغا باھا بېرىپ:''كىمكى تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان فى تەفسىرىل قۇرئان»دېگەن تەفسىرىنى ئىزدېمەكچى بولسا ، سەپەر قىلىپ تۈمەن چاقىرىم يىراقتىكى جۇڭگوغا بېرىپ ئىزدىسىمۇ يىراقلىق قىلمايدۇ'' دېگەن.

ئاساسىي جەھەتتىن سۈننىيلار تەفسىرى دائىرىسىگە كىرىدىغان تەفسىرلەردىن يەنە بىر باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن فەخرىددىن رازىنىڭ«مەفاتىھۇل غەيب»(«غايىباتلار ئاچقۇچلىرى»)، نەسىرىددىن بەيزاۋىنىڭ«ئەنۋار ئەتتەنزىل ۋە ئەسرار ئەتتەئۋىل»، ئىبنى كەسىرنىڭ«تەفسىر ئەل قۇرئان ئەزىم»قاتارلىق تەفسىرلىرى بار، بۇلارنى تونۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايمىز.

بىر قەدەر ئىخچام ۋە تاللىنىپ ئىشلەنگەن تەفسىر كىتابى«تەفسىر جەلالەين» (ئىككى جالال تەفسىرى»)دۇر.''جەلالەين''نىڭ مەنىسى''ئىككى جالال''دېگەنلىكتۇر. چۈنكى بۇ تەفسىرنى جالال ئىسىملىك ئىككى ئۆلىما يېزىپ چىققان. ئەۋۋەل جەلالىددىن مۇھەممەد بىننى ئەھمەد مەھەللى(؟—1459ياكى 1460) يېزىشقا كىرىشكەن، ئەمما يېزىپ پۈتتۈرەلمىگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن جەلالىددىن ئابدۇرەھمان بىننى ئەبى بەكرى سۇيۇتى(1445—1505) داۋاملاشتۇرۇپ پۈتتۈرگەن. ئىسمى ئوخشايدىغان بۇ ئىككىيلەننىڭ ھەر ئىككىلىسى سۈننىي( ئەھلى سۈننەت) بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەفسىر قىلىش كۆز قارىشى ئوخشايتتى، يېزىق تۈزۈلۈشىمۇ يېقىن كېلەتتى. بۇ كىتاب«ئىخچام تەفسىر»دەپ تەرجىمە قىلىنىپ، «قۇرئان كەرىم»نى دەسلەپ ئۆگەنگۈچىلەرگە ناھايىتى زور ياردىمى بولغان. ئۇنى 400يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى ئەھلى سۈننەت مۇسۇلمانلار كەڭ دائىرىدە قوللىنىپ كەلمەكتە، بۇ تەفسىر مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەسچىت مائارىپىدا«قۇرئان كەرىم»نى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا ئىزچىل تۇردە جەزمەن ئوقۇلىدىغان دەرسلىك بولۇپ كەلدى.

<2>شىئەلەر تەفسىرلىرى: شىئەلەر پەقەت ھەزرىتى ئەلى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈيئوغلى، تۆتىنچى خەلىفە) ۋە ئۇنىڭ بىۋاستە ئەۋلادلىرىنىلا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قانۇنلۇق ۋارىسى دەپ ئېتىراپ قىلىشنى گەۋدىلىك تەكىتلەيدۇ. ئۇلار دەسلەپكى چاغلاردىكى سىياسىي مەزھەبتىن تەرەققىي قىلىپ دىنىي مەزھەبكە ئايلانغان، ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى ئۆزىنىڭ دىنىي، سىياسىي تەشەببۇسلىرى

www.uyghurkitap.com

بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تەدرىجىي ھالدا ئۆزلىرىنىڭ تەلىمات سىستېمىسىنى تۇرغۇزغان. ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» نى تەفسىر قىلىشى سۈننىيلارنىڭ تەفسىر قىلىشىغا ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن، شىئەلەردىكى ئىسنە ئەشەرىيلەر (ئون ئىككى ئىمامچىلار) تەفسىرلىرىدە، ئىمان مەسىلىسىگە كەلگەندە ھەمىشە ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىشىنى تەكىتلەيدۇ، ھەزرىتى ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئىبادەت قىلىشنى نۇقتىلىق تەشۋىق قىلىدۇ، ئۈچىنچى خەلىفە ھەزرىتى ئوسمانغا ۋە ئۇمەييە سۇلالىسىغا قارشى تۇرىدۇ،«قۇرئان كەرىم»دىكى ئايرىم ئومۇمىي نەزەرلىك سۆزلەرنى مۇئەييەن نەزەرلىك قىلىپ تەفسىرقىلىدۇ. مەسىلەن، سۈرە «نىسا» (4-سۈرە) نىڭ 51-ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان ’’جىبۇت‘‘ ۋە’’ تاغۇت‘‘ دېگەن ئىككى ئىسىم ئەسلىدە ’’بۇت‘‘ ۋە ’’شەيتان‘‘دېگەن مەنىدە بولسىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەفسىرىدە، بۇ ئەمەلىيەتتە مۇئاۋىيە(600—680، ئۇمەييە سۇلالىسىنى قۇرغۇچى) بىلەن ئەمرۇ ئىبنى ئاس(؟—تەخمىنەن 664، مىسىرنىڭ ئەمىرى،657-يىلى’’سىففىن ئۇرۇشى‘‘دا مۇئاۋىيەنىڭ ھەزرىتى ئەلىگە قارشىلىق كۆرسىتىشىگە ياردەم بېرىپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ«قۇرئان كەرىم»بويىچە ھۆكۈم چىقىرىشىنى تەلەپ قىلىپ، ھەزرىتى ئەلىنى ئۇرۇشنى توختىتىشقا زورلىغان)نى كۆرسىتىدۇ، دەپ شەرھلەيدۇ. يەنە مەسىلەن، سۈرە«نەمل»(27-سۈرە) نىڭ 16-ئايىتىنىڭ بېشىدىكى ’’**سۇلەيمان (پەيغەمبەرلىكتە، ئىلىمدە، پادىشاھلىقتا ئاتىسى داۋۇدقا ۋارىسلىق قىلدى**‘‘دېگەن جۈملىنى تەفسىرلىگەندە، بۇ جۈملە يوشۇرۇن مەنىدە’’ھەزرىتى ئەلى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋارىسلىق قىلدى‘‘دېگەننى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە مەسىلەن، سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە) نىڭ 158-ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان’’سەفا‘‘ ۋە’’مەرۋە‘‘دېگەن ئىككى تاغنى تەفسىرلەپ، ئۇنىڭ ئالدىنقىسى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ، كېيىنكىسى ھەزرىتى ئەلىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە ، شىئەلەرنىڭ ئەڭ بالدۇرقى تەفسىرى«تەفسىر ئەسكەرى»بولۇپ، ئۇنى ئون بىرىنچى ئىمام ھەسەن ئىبنى ئەلى قازى(845—873)تۈزگەن.ئۇلارنىڭ مەشھۇرراق تەفسىرلىرىدىن يەنە «تەفسىر ئەيەشى» ۋە ئەبۇ ئەلى تەبرەسى(؟—1153)نىڭ«مەجمەئۇل بەيان»دېگەن تەفسىرى قاتارلىقلار بار.

ئۇلارنىڭ تەفسىرلىرى ئىچىدە تەسىرى ئەڭ زور تەفسىر ھازىرقى زامان شىئە ئۆلىماسى مۇھەممەد ھۈسەين تابا تابائى تۈزگەن«ئەل مىزان فى تەفسىرىل قۇرئان»بولۇپ، ئۇ ئايەت مەنىلىرى شەرھلىنىش ۋە شىئەلەرنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەن مەشھۇر مۇفەسسىرلىرىنىڭ مۇۋاپپەقىيەتلىرى تىلغا ئېلىنىشتىن سىرت، ئىلمىي كەلام، پەلسەپە، تارىخ، ئىجتىمائىيەت ۋە ئەدەب-ئەخلاق قاتارلىق ساھەلەر بايان قىلىنغان20 توملۇق، ئۈچ مىليوندىن ئارتۇق سۆزلۈك گىگانت ئەسەردۇر . ئۇنىڭدىكى تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ، بايان قىلىنغان مەسىلىلەرنىڭ كۆپلۈكى، ئېلىنغان نەقىل-ئىسپاتلارنىڭ موللىقىنى سۈننىيلارنىڭ «تەفسىر ئەل مەنارە» دېگەن تەفسىرى بىلەن تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن.

شىئەلەرنىڭ ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان باتىنىيە ئېقىمى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بەزى ئۆلىمالار«قۇرئان كەرىم»نىڭ غايىبى مەنىسىنى ئېچىشقا بارلىق كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ، ئۇلار:«قۇرئان كەرىم»ئايەتلىرىنىڭ زاھىرىي(ئوچۇق) مەنىسى بار، باتىنىي(يوشۇرۇن) مەنىسىمۇ بار، ئۇنى پەقەت سۆزنىڭ زاھىرىي مەنىسى جەھەتتىنلا چۈشىنىش كۇپايە قىلمايدۇ، ئەڭ مۇھىمى

ئەقىل ئىگىلىرى ئاللاھ تائالانىڭ ئالاھىدە بىشارىتى ئارقىلىق دىلىدىن تونۇپ يەتكەن باتىنىي (ئىچكى) مەنىسىنى چۈشىنىش كېرەك، شۇنداقتىلا ئۇنىڭ چىن ھەقىقىتىنى ئىگەللىگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

<3>باشقا مەزھەبلەرنىڭ تەفسىرلىرى:

ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ ئاساسلىق مەزھەب — سۈننىي بىلەن شىئەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەزھەب بولۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇلار سىياسىي ۋە دىنىي جەھەتتىكى چوڭ تىپلىق مەزھەبلەردۇر. ئىدىيە، ئىلمىي قاراش جەھەتتىن قارىغاندا، يەنە خىلمۇ خىل ناملار، تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بىر مۇنچە مەزھەبلەر بار، ئۇلاردىن بەزىلىرى ئىككى چوڭ مەزھەبتىن بىرسىنىڭ تارمىقى، بەزىلىرى بولسا ئىككى چوڭ مەزھەب دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن، ئەمما مەلۇم بىر چوڭ مەزھەبتىن ئايرىلىپ چىققان مەزھەبتۇر. بۇلارنى بىر نەچچە ئېغىز سۆز بىلەن ئېنىق چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ. بۇ كىتابىمىزدا مەزھەب مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىش نىيىتىدە بولمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ ھەقتە كۆپ بىر نەرسە دېمەيمىز. بۇ يەردە ئاساسەن ئىككى چوڭ مەزھەبكە تەۋە بولمىغان ئۆلىمالار تۈزگەن تەفسىرلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمىز.

ئەڭ مەشھۇر ۋە زىلزىلە پەيدا قىلغان بىر تەفسىر مۇئتەزىلە مەزھىبىنىڭ ئۆلىماسى تۈزگەن تەفسىر بولۇپ، «ئەل كەششاف ئەن ھەقائىقۇت تەنزىل» دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ «كەششاف تەفسىر»، قىسقارتىلىپ «كەششاف» دېيىلىدۇ. «كەششاف» ئەسلى كىتاب ئىسمىدىكى بىرىنچى سۆزدۇر. بۇنى مەھمۇد زەمەخشەرى (1075—1144) تۈزگەن.

مۇئتەزىلە مەزھىبى ئىسلام دىنىدىكى دىنىي پەلسەپە ئېقىمى بولۇپ، "مۇئتەزىلە" نىڭ ئەسلى مەنىسى "بۆلۈنگۈچىلەر" دېگەنلىكتۇر، غەرب ئالىملىرى ئۇنى "ئەقلىيەتچىلەر" (راتسىئونالىستلار) دەپ ئاتايدۇ. ئۇلار دەسلەپتە سىياسىي كۈرەش ۋە دىنىي مەسىلىدە بىتەرەپ پوزىتسىيە تۇتقۇچى مۇسۇلمانلار ئىدى، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنى "ئەھلى تەۋھىد ۋە ئادالەتپەرۋەرلەر" دەيتتى، قىسقارتىلىپ "ئەھلى تەۋھىدلەر"، "ئادالەتچىلەر" دېيىلەتتى. بۇ مەزھەبنىڭ ئاساسلىق تەلىماتلىرى: (1) ئەقلىيلىكنى يادرو قىلغان يارالمىش ئالەم تەلىماتىنى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ (2) مۇتلەق تەۋھىد نەزەرىيىسىنى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ (3) ئىنسان ئىرادە ئەركىنلىكىگە ئىگە دېگەن تەلىماتنى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ (4) ئەقلىيەت دىنىي ئېتىقادنىڭ مىزانى دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ (5) «قۇرئان كەرىم» يارىتىلغان دېگەن قاراشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇلار ئەقلىيەتچىلىك ئىدىيىۋى خاھىشىغا ئىگە دىنىي پەلسەپە ئىدىيىسى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. «تەفسىر كەششاف»نى دەل شۇ مەزھەبنىڭ تىل پېشىۋاسى، ئىستىلىستىكا مۇتەخەسسىسى زەمەخشەرى تۈزگەن، ئۇ تىلشۇناسلىق، ئىستىلىستىكا بىلىملىرىنى «قۇرئان كەرىم»نى تەفسىرلەشكە مۇۋاپىقىيەتلىك تەدبىقلىغان. ئۇ باشقىلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ئايەت مەنىلىرىنى ئاممىباپ ۋە ئۇقۇمۇشلۇق ئىزاھلاپلا قالماستىن، ئوقۇرمەنلەرنى ئايەتلەرنىڭ نازاكەتلىك ئۇسلۇبى ۋە سەنئەتلىك جەلپكارلىقىدىن ھوزۇرلىنىپ بارىكاللا ئېيتىشقا سازاۋەر قىلىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا مۇيەسسەر بولغان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر قايسى مەزھەبلەر تەفسىرلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن. جەلالىدىن سۇيۇتى ئۆزىنىڭ «سۇبھى شاھىدى» دېگەن ئەسىرىدە: "ئىستىلىستىكا جەھەتتە يىراقنى كۆرەر، بىلىمدار بىر تۈركۈم ئالىملار يېتىشىپ چىقتى. كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئىستىلىستىكا بىلىملىرى ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم»نىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىن ھەقىقىتىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى. «ئەل كەششاف ئەن ھەقائىق ئەل تەنزىل»نىڭ مۇئەللىپى موشۇ ئىلىم ساھەسىنىڭ نوپۇزى دەپ ئاتىلىشقا ھەقلىق'' دېگەنىدى. شۇنداقلا بۇ تەفسىرنى مەدھىيىلەپ ئوقۇلغان قوشاقلارمۇ ئەل ئارىسىغا تارقالغان:

ئەل ئارا تارقالدى سان-ساناقسىز تەفسىرلەر،
بىراق ئۇلارنىڭ بىرىمۇ يەتمەس«كەششاف»قا.
گەر تاپماق بولساڭ ھىدايەت ئوقۇغىن ئۇنى،
«كەششاف» بولار نادانلىق كېسىلىگە شىپا.

يۇقىرىدا پەقەت ئىلگىرىكى ھەر قايسى رايونلاردا تارقالغان ھەر قايسى مەزھەبلەرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە تەفسىرلىرىنىلا مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتتۇق.

<4> يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تەفسىرلىرى: يېقىنقى زاماندىن بېرى ، مۇستەملىكىچىلىك، جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزى ۋە پەن -تېخنىكىنىڭ تارقىلىشى سەۋەبلىك، ئىسلام دۇنياسى بىر قاتار مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى . سىرتقى كۈچلەرنىڭ خىرىسىغا تاقابىل تۇرۇش، ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى ئورنىنى قوغداش، «قۇرئان كەرىم» ۋە ئىسلام دىنىغا قىلىنغان ھەر خىل بۇرمىلاش ۋە ھاقارەت-ئاھانەتلەرگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ، يېقىنقى زامان ئىلىم-پەنلىرىدىكى ئىسلامغا پايدىلىق ئامىللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «قۇرئان كەرىم»ئايەتلىرىنى ئەقلىيەتچىلىك بىلەن تەفسىرلەش مەيدانغا كەلگەن، شۇڭا يېڭى تەفسىرلەر كۆپرەك ھازىرقى زامان تۈسىگە ئىگە بولغان.

مەسىلەن، ئىجتىمائىي تەشەببۇسلار جەھەتتە، ئەر-ئاياللارنىڭ تەڭ ھوقۇقلىقى، ئىنسانلار باراۋەرلىكى، خۇسۇسىي كاپىتالغا چەك قويۇش، زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزغا قارشى تۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى«قۇرئان كەرىم»نىڭ تۈپ ئىدىيىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلار ئىكەنلىكى بايان قىلىنىپ، مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشكە، دۈشمەنگە كۈرەش قىلىشقا، ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقى ئەركىنلىكىنى قوغداشقا چاقىرىلغان؛ تەبىئىي پەن جەھەتتە، پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش، تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ئالەمنىڭ سىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بايلىقلارنى ئېچىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى«قۇرئان كەرىم»مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە رىغبەتلەندۈرگەن پائالىيەتلەر ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. نۇرغۇن تەفسىرلەردە يەنە يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ئىلمىي تەتقىقات مۇۋاپپەقىيەتلىرى ۋە يەكۈنلىرى مىسال كەلتۈرۈلگەن ھەمدە ئايەتلەردىكى بۇنىڭدىن مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى چۈشىنىش تەس بولغان بەزى مەزمۇنلارنى، مەسىلەن، يەر شارى بىلەن باشقا ئاسمان جىسىملىرىنىڭ مۇناسىۋىتى، جىمى ماددىلارنىڭ مەنپىي-مۇسبەت دەپ ئايرىلىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى پەقەت ئىلىم-پەن سەۋىيىسىگە، بىلىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپلا ئاندىن چۈشەنگىلى بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن سىرت،يېمەك-ئىچمەك پەرھىزلىرى جەھەتتە ، يېڭى تەفسىرلەردە ھازىرقى زامان مېدىتسىنا تەتقىقات ۋە تەجرىبە يەكۈنلىرى نەقىل قىلىنىش ئارقىلىق تۇڭگۇز گۆشى يېيىش ۋە ھاراق ئىچىشنى ھارام قىلىشنىڭ كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سالامەتلىكنى ئاسراشتا زۆرۈرلىكى ئىسپاتلىنىش بىلەن،«قۇرئان كەرىم»دە ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئاجايىپ بىلىملەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقى نامايان قىلىنغان.

يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تەفسىرلىرى ئىچىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى:مىسىردىكى داڭلىق ئىسلاھاتچى مۇھەممەد ئابدۇ(1849—1905)نىڭ ئىككى شاگىرتى تۈزگەن تەفسىرلەردۇر، يەنى مۇھەممەد رەشىد رىزانىڭ«تەفسىر ئەل

مەنارە»دېگەن تەفسىرى بىلەن تەنتاۋى جەۋاھىرنىڭ «ئەل جەۋاھىر فى تەفسىر ئەل قۇرئان» دېگەن تەفسىرى ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەتقىقات جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، ھازىرقى دەۋر ئىسلام دىنىغا قويغان مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، «قۇرئان كەرىم»دىكى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى ئىلھامىي بايان خاراكتېرلىق تەفسىر قىلغان. بولۇپمۇ «تەفسىر ئەل مەنارە»گە رەشىد رىزا ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر قان-تەرىنى سەرپ قىلغان، تەفسىرلەش جەھەتتە كەڭ ۋە ئۇلۇغۋار سەھىپە ئېچىپ بەرگەن، بۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى جىگەرلىك قىلىنغان پىلان ئىدى. مۇئەللىپ مىسىردىكى «ئەل مەنارە» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ئىدى، شۇڭا ئۆزىنىڭ تەفسىرىگە موشۇ نامنى قويغان ئىدى. بۇ تەفسىر مەيدانغا كېلىش ھامان كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغان، جەمئىيەتتىكىلەر ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن. ئەپسۇسكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار جاسارىتىنىڭ مېۋىسىنى كۆرمەي ، تەفسىر قىلىش خىزمىتى تازا ئەۋجىگە چىققۇاتقان بىر چاغدا ئالەمدىن خوشلاشقان. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ چوڭ ھەجىملىك گىگانت ئەسىرىدە ئاران12-سۈرىگىچە تەفسىر قىلالىغان ۋە 20تۇم قىلىنىپ نەشىر قىلىنغان، ئۇ تەفسىر قىلغان ئايەتلەر پۈتۈن«قۇرئان كەرىم»نىڭ 40 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ.

تەنتاۋى جەۋاھىر مىسىردىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى بولۇپ، ئۇ زور ھەجىملىك 25توملۇق تەفسىر يازغان. بۇ تەفسىرنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا «قۇرئان كەرىم»بىلەن تەبىئىي پەننىڭ مۇناسىۋىتى بايان قىلىنغان، ئۇ ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، بىئولوگىيە قاتارلىق كۆپ خىل پەنلەرگە چېتىشىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ بىر قىسمى پارسچىغا تەرجىمە قىلىنغان.

يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز چوڭ ھەجىملىك تەفسىرلەر. ئىنچام تەفسىرلەردىن بىر قەدەر يېڭى ئەسەر — «ئەلمۇنتەخەب فى تەفسىرىل قۇرئانىل كەرىم» دۇر، ئۇ مىسىر ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشى قارىمىقىدىكى ''قۇرئان ھەيئىتى'' تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، بۇ كىتابتىكى ھەر بىر بەتنىڭ باش قىسمىغا ئايەت بېرىلگەن، ئاستىنقى قىسمىغا تەفسىر بېرىلگەن، ئابزاسمۇ ئابزاس تەفسىر قىلىنغاچقا سىپلىشتۈرۈش قولايلىق.تەفسىرنىڭ مەزمۇنى يېڭى، كۆز قارىشى ئېنىق بولۇپ، تۈزگۈچىلەر مەسىلىلەرنى ھازىرقى زامان كۆز قارىشى بويىچە شەرھىيلەشكە تىرىشقان. بۇ تەفسىرنىڭ«كىرىش سۆز»دە مۇنداق دېيىلگەن: ئەسەرنىڭ تۈزۈلمىسىدە ھازىرقى زامان ئەرەب تىلى قوللىنىلدى_ ئىنچام ئەمما چۈشۈرۈپ قويۇلماي، ئەتراپلىق ئەمما چۇۋالچاق ئەمەس قىلىپ تۈزۈلدى، پارچە-پۇرات ئاتالغۇلار ئىمكانقەدەر كىرگۈزۈلمىدى، پەقەت ئايەتنىڭ ئەسلى مەنىسى بويىچە تەفسىر قىلىندى، يەنى گراماتىكا ۋە ئىستىلىستىكا تەرەپلەرگە زورىغا بېرىلىپ كېتىلمىدى. بۇ تەفسىرنى تۈزۈشتىكى ئاساسىي مەقسەت ئوقۇرمەنلەرنى ئايەتلەرنىڭ ئەسلى مەنىسىنى بىۋاسىتە چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن «قۇرئان كەرىم»نى باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلغۇچىلارنى بىر قەدەر ياخشى نۇسخا بىلەن تەمىنلەش، ھەر خىلدىكى تەرجىمىلەرنى مەزمۇن ۋە تەرجىمە ئۇسۇلى جەھەتتە مەلۇم تايانچىغا ئىگە قىلىپ، بىر-بىرىدىن بەك يىراقلىشىپ كېتىشتىن خالىي قىلىشتىن ئىبارەت.

بۇ تەفسىردە يەنە ھەر بىر سۈرىنىڭ ئالدىغا قىسقىچە ئەسكەرتمە بېرىلىپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئارقا كۆرۈنۈشلىرى تونۇشتۇرۇلغان، تەخمىنەن بىر مىليوندىن ئارتۇق خەتلىك بۇ كىتاب1988-يىلى نەشر قىلىنغان.

يۇقىرىدا پەقەت ھەر قايسى دەۋرلەر، ھەر قايسى رايونلاردىكى تۈرلۈك مەزھەبلەرنىڭ

تۇرلۇك كۆز قاراشلىرىدىكى تەفسىرلەردىن ئاز بىر قىسمىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق.

قەدىمدىن تا ھازىرغىچە بولغان تۇرلۇك تەفسىر قىلىشلارنى يىغىنچاقلاپ قارىساق، تەفسىر قىلىش ئەمەلىيەتتە يەنىلا باشتا نەقىل ئالغان ئايەت (3-سۈرە،7-ئايەت) تىكى ''مۇھكەمات''(مەنىسى ئوچۇق) ۋە ''مۇتەشابىھ'' (مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس) تىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتىن ئېلىپ بېرىلغان. ئۇلارنىڭ پەقەت زاھىري جەھەتتىن (گراماتىكا، ئىستىلىستىكىلىق تەھلىلى شۇنىڭ ئىچىدە) شەرھلەنگەنلىرى ''تەفسىر'' دەپ ئاتالغان؛ باتىني جەھەتتىن، ئىچكى ھېكمەتلىرىنى ئېچىش نۇقتىسىدىن شەرھلەنگەنلىرى ''تەئۋىل''دەپ ئاتالغان. ئەمما تېخىمۇ كۆپرەك مۇفەسسىرلەر يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ شەرھىلىرىنى ''تەفسىر''دەپ ئاتاشقا مايىل.


م.س.سىددىق ئۆزىنىڭ«قۇرئان كەرىم — مەڭگۈلۈك مۆجىزە» دېگەن مەخسۇس ئەسىرىدە مۇنداق باھا يازغان:ئادەتتە يولۇقتۇرۇۋاتقان نۇرغۇن تەفسىرلەرنى ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ، ئۇنىڭ بىر خىلى پەقەت خەت يۈزىدە توختاپ قېلىپ، جۈملە تەھلىلى، ئايەتتىكى ئىستىلىستىكىلىق شەكىل، سەنئەتلىك بەلگە قاتارلىقلار بىلەن چەكلىنىپ قالغان، بۇ گويا ئەرەب تىلى گراماتىكىسى دەرسلىكىگە ئوخشاپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئانچە زور ئەھمىيىتى يوق؛ يەنە بىر خىل تەفسىرلەردە بولسا،''ھاياتلىق روھى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، يېتەكچىلىك نۇرى چېچىلىپ تۇرىدۇ ھەمدە پاراسەت، ئەقىل ئۇچقۇنلىرى يېنىپ تۇرىدۇ''،بۇلار كىشىلەرنىڭ''قەلبىنى ئاچىدۇ، روھىنى يۈكسەلدۈرىدۇ، نەزەر دائىرىسىنى يورۇتىدۇ''،''ئىلىم-پەن بىلىملىرى ۋە تەفسىرلەش ماھارىتى ئارقىلىق«قۇرئان كەرىم» خەزىنىسىنى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنى يېشىپ، كىشىلەرنى ئايەتلەردە يېتەكچى، نۇر ۋە قەلبكە شىپا دورا بارلىقىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ''.

سىددىق مەدھىيىلەۋاتقان تەفسىرلەر ئىچىدە بىز موشۇ بابنىڭ بېشىدا مىسال كەلتۈرگەن تەبەرى، ئىبنى كەسىر، زەمەخشەرى، رەشد رىزا قاتارلىق ھەر قايسى مەزھەب ئۆلىمالىرىنىڭ تەفسىرلىرى بار بولۇپ، بۇلار قىزغىن كەيپىيات بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ۋە ماختالغان.

ئەلۋەتتە، بىر قەدەر مۇۋاپىقىيەتلىك چىققان تەفسىر ئوقۇرمەنلەرگە مەدەت بېغىشلايدۇ، ئەمما ئۇ بەرىبىر مۇفەسسىرلارنىڭ ئۆگىنىش تەسىراتى، گەرچە ئەقىل-پاراسەت، تۇرلۇك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بىرىنى ماختاپ بىرىنى چۈشۈرۈشكە، بىرىنى كۈچلۈك بىرىنى ئاجىز كۆرۈشكە بولمايدۇ،''مېتىرىنىڭمۇ قىسقىلىقى، سانتىنىڭمۇ ئۇزۇنلۇقى بولىدۇ'' دېگەندەك، ئۇلارنى ئومۇمىي جەھەتتىن سېلىشتۇرۇپ، مۇۋاپىقلىرىنى قوبۇل قىلىش، ياخشىلىرىنى تاللىۋېلىش تۈزۈك. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئەسلى نۇسخىنى، ئەسلى ئايەتنى بىۋاستە ئوقۇشنى ئاساس قىلىش كېرەك، تەفسىر پەقەتلا قوشۇمچە ئوقۇشلۇق، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئەسلى ئايەتنىڭ روھىنى، چىن مەنىسىنى ئىگەللەش كېرەك، تۈپ نۇقتىنى تاشلاپ قويۇپ، ئاساسىي زېھنىنى تەفسىرنى كۆرۈشكە قارىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ بارلىق مۇفەسسىرلەر، مۇتەرجىملەر(تەرجىمانلار)نىڭ ئورتاق تەشەببۇسى.

**(تەرجىمە قىلغۇچى: شەمشىدىن ھاجى)**

(داۋامى كېيىنكى ساندا بېرىلىدۇ)



## 2001-يىللىق جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكى جۇڭگو ھاجىلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلىپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن ھاجى ئۆمەك باشلىقى، شىنجاڭ مىللەتلەر -دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇللا ھەمدۇللا مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى قوشۇمچە خەلقئارا بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى مۇستافا ياڭ جىبو باش كاتىپ بولۇپ تەشكىللەنگەن جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكى 1 -ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 3-ئاينىڭ 19-كۈنىگە قەدەر سەئۇدى ئەرەبىستانىدا تۇرۇپ ، جۇڭگودىن بارغان ھاجىلارنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىشىغا مۇلازىمەت خىزمىتىدە بولدى.

بۇ يىل جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەملىكىتىمىزنىڭ 24ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن 2200 دىن ئارتۇق مۇسۇلماننى ھەج تاۋاپقا ئۇيۇشتۇردى.

سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ۋازارىتى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى گېزىت – ژۇرناللىرىنىڭ ئېلان قىلىشىچە، بۇ يىل دۇنيا بويىچە مۇقەددەس زېمىنغا كېلىپ ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ سانى 1 مىليون 804 مىڭ 800 كىشى بولۇپ ، بۇلاردىن چەتئەلدىن كەلگەن ھاجىلار 1 مىليون 363 مىڭ 992كىشى، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئۆزىدىن ھەج قىلغۇچىلار 440 مىڭ 808 كىشى بولغان. بۇ يىل چەتئەلدىن كەلگەن ھاجىلارنىڭ سانى ئۆتكەن يىلدىكىدىن 100مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئاشقان. چەتئەلدىن كەلگەن ھاجىلارنىڭ ئىچىدە ھىندونېزىيىدىن 205 مىڭ، ئىراندىن 100مىڭ ،تۈركىيەدىن 85 مىڭ، مالايسىيەدىن 40مىڭ، مىسىردىن 35مىڭ، ماراكەشتىن 30مىڭ كىشى ھەج تاۋاپقا قاتناشقان، ئىسلام دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىدىن ھىندونېزىيە زۇڭتۇڭى ئابدۇراھمان ۋاھىد، سۇدان زۇڭتۇڭى بەشىر، بېنگال زۇڭلىسى شەيخە ھەسىنە خانىممۇ مۇقەددەس زېمىنغا كېلىپ بۇ يىلقى ھەج تاۋاپقا قاتناشتى.

جۇڭگو ھاجىلىرى 2-ئاينىڭ 11- كۈنىدىن18-كۈنىگىچە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھۆددىگە ئالغان سەككىز ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭ ۋە ئۈرۈمچى ئارقىلىق يولغا چىقىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ساق- سالامەت يېتىپ باردى.

جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكى دۆلىتىمىزنىڭ بۇ يىلقى ھەج تاۋاپ ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، مەملىكىتىمىزنىڭ جىددە شەھىرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ھەمكارلىششى بىلەن، جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ھاجىلارنىڭ ھەج تاۋاپ پەرزىنى ئوڭۇشلۇق، ئازادە ۋە خاتىرجەم ئادا قىلىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا مەككە مۇكەررەمە ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ئالدىن ياتاق تەييارلاش، ئايرودرومدا كۈتۈۋېلىش، شۇنىڭدەك مىنا، ئەرافات رايونىدىكى يېمەك-ئىچمەك، تۇرار-جاي، قاتناش ئىشلىرىنى ھەل قىلىش ھەمدە ھاجىلارنىڭ كۈندىلىك ئۇچراپ تۇرىدىغان قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش ، ئاخىرىدا ھاجىلارنى تۈركۈمگە بۆلۈپ ۋەتەنگە يولغا سېلىش قاتارلىق بىر يۈرۈش خىزمەتلەرنى ئورۇنداپ ھاجىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

بۇ قېتىمقى ھەج مەزگىلىدە، جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكى ھاجىلارغا خىزمەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خارىجى ئىشلارغا دائىر بىر قاتار پائالىيەتلەردە بولدى: ئۆمەك باشلىقى شەمشىدىن ھاجى ۋە ئۆمەك ئەزاسى،جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى خەلقئارالىق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئادىل ھاجى كېرەم قوش ھەرەم شېرىپ خادىمى، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھى فەھد ئىبنى ئابدۇل ئەزىزنىڭ پادىشاھ مۇراسىمى ۋە پادىشاھ زىياپىتىگە داخىل بولدى، شەمشىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھاجى يەنە مۇئاۋىن ئۇمەك باشلىقى ئابدۇللا ھەمدۇللا، جۇڭگونىڭ جىددە شەھىرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى سەئىد دۇ خۇۋېىن ۋە بىر قىسىم ئۇمەك ئەزالىرى ھەمراھلىقىدا، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ھەج ۋەزىرى ئىياد ئىبنى ئەمىن مەدەنىنى زىيارەت قىلىپ، ھەج ۋازارىتىنىڭ ھەر يىلى جۇڭگو ھاجىلىرىنىڭ ھەج پەرزىنى ئوڭۇشلۇق ئادا قىلىشۇلىشىغا ياخشى مۇلازىمەت قىلىۋاتقانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردى؛ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ھاجىلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئورگىنىنىڭ رەئىسى زۇھەيرنى زىيارەت قىلدى، ھەج ۋازارىتىنىڭ مۇھاكىمە يىغىنى ۋە زىياپىتىگە قاتناشتى. دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش كاتىپى ئابدۇللا ئەلتۇركى ۋە مۇئاۋىن باش كاتىپى ئابۇدنى زىيارەت قىلىپ، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ ھەر يىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج ئۆمىكىنى كۈتۈۋاتقانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتتى؛ دۇنيا ئىسلام بانكىسى مەسئۇللىرىنى زىيارەت قىلىپ، بۇ بانكىنىڭ جۇڭگو ئىسلام مائارىپى قاتارلىق جەھەتلەردە بېرىۋاتقان ياردىمىگە رەھمەت ئېيتتى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇردى. ئۆمەك ئەزالىرىدىن مۇستاپا ياڭ جىبو بىلەن ئادىل ھاجى كېرەم شەرەپلىك ھالدا بەيتۇللانى غەسلى قىلىش مۇراسىمىغا مۇشەررەپ بولۇپ ،بەيتۇللا ئىچىگە كىرىپ زىيارەتتە بولدى. خىزمەت ئۆمىكى يەنە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ كونا دوستلىرىنى يوقلىدى، سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلارنى مەملىكىتىمىزنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىدىن خەۋەردار قىلدى.

بۇ قېتىمقى ھەج مەزگىلىدە، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ «ئۇكاز»، «ئىسلام دۇنياسى» قاتارلىق گېزىتلىرى جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەربابلار بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ھەققىدە يېزىق- سۈرەتلىك خەۋەرلەرنى بەردى.

جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكى 2-ئاينىڭ 11-كۈنى تۇنجى ئايروپىلاندا ماڭىدىغان ھاجىلار بىلەن بىللە سەئۇدى ئەرەبىستانىغا مېڭىش ۋاقتىدا، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مۇھەممەد ئەل بىشر ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى قاتارلىقلار بېيجىڭ ئايرودرومىغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويغانىدى.

جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكى جۇڭگو ھاجىلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى ئوتۇقلۇق ئادا قىلىپ 3-ئاينىڭ 19-كۈنى ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. ( ئادىل ھاجى كېرەم)

## جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى پادىشاھ مېھمىنى ھەج ئۆمىكى ھەج پائالىيىتىنى غەلىبىلىك ئاياغلاشتۇرۇپ قايتىپ كەلدى

سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھى فەھد ئىبنى ئابدۇل ئەزىزنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۇ جېنگۈي ئۆمەك باشلىقى، شىنجاڭ قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خاتىپى سادىق قارىي ھاجى مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولغان 200كىشىلىك جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى پادىشاھ مېھمىنى ھەج ئۆمىكى تەشكىللەپ ھەج پائالىيىتىگە ئەۋەتتى. بۇ ئۆمەككە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىن 102 كىشى، ئۇنىڭدىن باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەردىن 98 كىشى قاتناشتى. ئۆمەك ئەزالىرى ئۆلىما-دىنىي زاتلار، ئىسلام دىنى ئالىملىرى، مەشھۇر مۇسۇلمان

زاتلار ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرى خادىملىرىدىن تەركىب تاپتى. بۇ ئۆمەك 2001-يىلى 2-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 3-ئاينىڭ 14-كۈنىگىچە بولغان 18 كۈن ئىچىدە ھەج پائالىيىتىنى غەلىبىلىك تاماملاپ جۇڭگوغا قايتىپ كەلدى.

سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى ھەر يىلى دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردىن 1300 نەپەر مۇسۇلماننى پادىشاھ فەھد ئىبنى ئابدۇل ئەزىزنىڭ مېھمىنى سۈپىتىدە ھەج پائالىيىتىگە تەكلىپ قىلاتتى.1997-يىلدىن بۇيان بۇ سان ئاسىيا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىگە يۈزلەنگەن بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جۇڭگو-سەئۇدى ئەرەبىستانى مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىككى دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئۆز ئارا زىيارىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج پائالىيەت ئورۇنلىرى بۇ يىل جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىمۇ پادىشاھ مېھمىنى سۈپىتىدە ھەج پائالىيىتىگە تەكلىپ قىلغانىدى.

ئۆمەك ئەزالىرى 2001-يىل 2-ئاينىڭ 22-كۈنى بېيجىڭغا يىغىلىپ، 2-ئاينىڭ 25-، 26-كۈنلىرى ئىككى چوڭ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، جۇڭگودىن تايلاندنىڭ باڭكوك شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتى. يولغا چىقىش ئالدىدا سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مۇھەممەد ئەل بىشر، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ زوئەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى بېيجىڭ ئايرودرومىغا چىقىپ، بۇ ئۆمەكنى ئۇزىتىپ قويدى. ئۆمەك ئەزالىرى 27-چىسلا كەچتە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەخسۇس ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ باڭكوكتىن سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە ئايرودرومىغا چۈشكەندە، سەئۇدى ئەرەبىستانى ئىسلامىيەت ئىشلىرى، ۋەقفە، دەئۋەت، يېتەكچىلىك قىلىش ۋازارىتىنىڭ باش ۋەزىرى سالىھ ئەل شەيخ، جۇڭگونىڭ جىددە شەھىرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ باش كونسۇلى سەئىد دۇ خۇڭبىن، جۇڭگو ھەج خىزمەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار ئايرودرومغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. مەيلى ئۆمرە ھەج ۋاقتىدا بولسۇن، پەرز ھەج ۋاقتىدا بولسۇن، سەئۇدى ئەرەبىستانى بۇ ئۆمەك ئەزالىرىنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھەج پائالىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەردى. ھەج پائالىيىتى داۋامىدا ئىسلامىيەت ئىشلىرى، ۋەقفە، دەئۋەت، يېتەكچىلىك قىلىش ۋازارىتىنىڭ باش ۋەزىرى سالىھ ئەل شەيخ، مۇئاۋىن باش ۋەزىرى سۇدەرى قاتارلىقلارئۆمەك ئەزالىرىنى قوبۇل قىلدى. «ئۇكاز»، «مەدىنە» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللار ۋە تېلېۋىزورلار جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى پادىشاھ مېھمىنى ھەج ئۆمىكىنىڭ پائالىيەتلىرىنى خەۋەر قىلدى. (ھاجى بارات رەجەپ)

## 2001-يىللىق جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج ئۆمىكى ھەج تاۋاپ پائالىيەتلىرىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلىپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى

دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شەندوڭ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئىبراھىم دىڭ ۋېنفاڭ باشچىلىقىدىكى 17كىشىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج ئۆمىكى 2-ئاينىڭ 18-كۈنىدىن 3-ئاينىڭ 13-كۈنىگە قەدەر سەئۇدى ئەرەبىستانىدا تۇرۇپ، بۇ يىلقى ھەج تاۋاپ پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى.

ھەج مەزگىلىدە، ئۆمەك باشلىقى ئىبراھىم دىڭ ۋېنفاڭ قوش ھەرەم شېرىپ خادىمى، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھى فەھد ئىبنى ئابدۇل ئەزىزنىڭ پادىشاھ مۇراسىمى ۋە پادىشاھ

www.uyghurkitap.com

زىياپىتىگە داخىل بولدى، ئۆمەك باشلىقى ۋە ئۆمەك ئەزالىرى دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى يېقىندىن تەيىنلەنگەن باش كاتىپى ئابدۇللا ئەلتۇركىنى زىيارەت قىلىپ، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ ھەر يىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج ئۆمىكىنى كۈتۈۋاتقانلىقىغا تەشەككۇر ئېيتتى. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە گېزىت- ژۇرنال مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ ، ئۇلارنىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا دائىر سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاپ بەردى ھەم ئۇلارغا مەملىكىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى ياخشى ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇردى. بۇ ئۆمەك بۇ ھەج تاۋاپ پائالىيىتىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلىپ 3-ئاينىڭ 13-كۈنى ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى.

(ئادىل ھاجى كېرەم)

## بۇ يىلقى ھەج پائالىيىتىدىكى بەزى يېڭىلىقلار

سەئۇدى ئەرەبىستانى ئىسلامىيەت خەلقئارا ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە:

★80نەچچە يىلدىن بېرى ھەج ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرۇپ باقمىغان موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتى بۇ يىل تۇنجى قېتىم ھەج ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرۇپ مەككە مۇكەررەمەگە ھەج قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۇزاق زامانلار قانۇنىيلىقى ئېتىراپ قىلىنماي كەلگەن ئىسلام دىنى پەقەت يېقىنقى يىللاردىلا ئېتىراپ قىلىنغانىدى. ئەمەلىيەتتە 13-ئەسىردىلا، يەنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىلا، ئىسلام دىنى بۇ رايونغا تارقالغانىدى. ھازىر موڭغۇلىيىنىڭ ئىككى مىليون 400مىڭ نوپۇسى ئىچىدە مۇسۇلمانلار تەخمىنەن 170مىڭ بولۇپ، ئالتە پىرسەنتنى ئىگەللەيدۇ.

بۇ يىلقى ھەج ئۆمىكىنىڭ باشلىقى شەيخ پاتلاد موڭغۇلىيىدىكى بايان ئۆلگاي شەھىرىدىكى بىر مەسچىتنىڭ ئىمامى بولۇپ، ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ شەھەردە 30مىڭدىن ئارتۇق مۇسۇلمان بار ئىكەن.

★فرانسىيە بۇ يىل ھەج قىلغۇچىلار سانىنىڭ ئېشىش نىسبىتى ئەڭ كۆپ بولغان دۆلەت ئىكەن. 1983-يىلى فرانسىيىدىن ھەج قىلغۇچىلار پەقەت 3500كىشى ئىكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن يىلدىن يىلغا ئېشىپ بارغان. بۇيىل ھەج قىلغۇچىلار سانى 19مىڭغا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 1000 دىن ئارتۇق ئادەم ئاشقان، ئۇنىڭدىن سىرت ھەر يىلى 15مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆمرە ھەج قىلىشقا بارىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرز ھەج ۋە ئۆمرە ھەج قىلغۇچىلار ئىچىدە ياشلار كۆپكەن. ھازىر فرانسىيىدە ئالتە مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمان بولۇپ، فرانسىيىنىڭ 65مىليون نوپۇسىنىڭ 10 پىرسەنتكە يېقىنراقىنى تەشكىل قىلىدىكەن.

★بۇ يىلقى ھاجىلار سېپىدا يېڭى بىر قوشۇن بار، ئۇ بولسىمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قوشۇنىدۇر، بۇ قوشۇن بۇ يىلدىن باشلاپ تەشكىللەنگەن. ئۇلار ھەر قايسى ئەللەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئۆگىنىشى ۋە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشى مەقسىتىدە 10 دۆلەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەركىپ تاپقان 100كىشىلىك ئۆمەك بولۇپ، ھەج مەزگىلىدە سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى ئىياد ئىبنى ئەمىن مەدەنى ئۇلار ياتقان يەرگە بېرىپ ئۇلارنى يوقلىغان ۋە ئۇلار بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلەشكەن. ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپرەك ئىسلام ئۆلىمالىرى بىلەن تونۇشۇشى ئۈچۈن، ئۇلار يەنە ھەج مەزگىلىدە ھەج ۋازارىتى ئۇيۇشتۇرغان" ئىسلام مەدەنىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى"غا قاتناشتۇرۇلغان. ۋەزىرنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ يىلقى بۇ ئۆمەك تۇنجى قېتىملىق سىناق بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۆمەكنىڭ دائىرىسى يىلدىن يىلغا كېڭەيتىلىدىكەن. (ھاجى مەھمۇدى)

## ئىسلام جەمئىيىتى پائالىيەتلىرى

### يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى شۆبە جەمئىيەت مەسئۇللىرى يىغىنى ئاچتى

يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى شۆبە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن 2001- يىلى 2-ئاينىڭ 27-كۈنى يېزا(بازار)لىق شۆبە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا ناھىيە تەۋەسىدىكى 30 يېزا(بازار)لىق شۆبە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى بولۇپ 70 كىشى قاتناشتى. يىغىندا 2000-يىللىق خىزمەتلەر خۇلاسە قىلىنىپ 2001-يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى تارقاتقان ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رولى، ۋەزىپىسى ھەققىدىكى مۇھىم ھۆججەت ۋە يېزا(بازار)لىق شۆبە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەر ئۆگىنىلدى. يىغىنغا ناھىيىلىك بىرلىكسەپ بۆلۈم، ناھىيىلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى رەھبەرلىرى قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. يىغىن ئاخىرىدا شۆبە ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىدە نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان توققۇز يېزا(بازار) لىق شۆبە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ماددىي بويۇم بىلەن مۇكاپاتلاندى.

(ئىمىن ساۋۇت)

## ئىسلام مائارىپى

### قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپى پۈتتى

دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشى ھەم ياردىمى ئارقىسىدا، يېقىندا قەشقەر ئىسلام دىنى مەكتىپى بىناسى پۈتۈپ رەسمىي ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. قەشقەر ۋىلايىتى بۇ مەكتەپنى سېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنىڭ روھى بويىچە 15 مو يەر سېتىۋالدى ھەمدە شۇ يەرگە 2535 كۋادرات مېتىرلىق تۆت قەۋەت ئوقۇتۇش بىناسى (سىنىپ، ئىشخانا، ياتاق، ھاجەتخانا، يىغىن زالى، چوڭ دەرسخانا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئاشخانا، مۇنچا، پار ئۆيى قاتارلىق بىر يۈرۈش قۇرۇلۇشلارنى قىلدى. بۇ قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئالغان قەشقەر شەھەرلىك 1-بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى 2000-يىل 5-ئايدا قۇرۇلۇشنى رەسمىي باشلاپ، شۇ يىلى 11-ئايدا قۇرۇلۇشنى تاماملاپ بۇيىل 2-ئايدا ئۆتكۈزۈپ بەردى. يېقىندا ساقى مەدرىستىكى ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يېڭى مەكتەپكە كۆچۈپ رەسمىي دەرس باشلىدى. بۇ قۇرۇلۇشقا دۆلەت مالىيىسىدىن 5مىليون يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىندى.

(ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد)

### مەكىت ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان 5-قارارلىق دىنىي بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى

مەكىت ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان ۋەزىپىدىكى ئىماملارنىڭ 5-قارارلىق بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى 2000-يىلى 11-ئاينىڭ16-كۈنى ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدە ئوقۇش باشلاپ 2001-يىلى 2-ئاينىڭ 16-كۈنى ئاخىرلاشتى. بۇ قېتىمقى كۇرسقا ناھىيە تەۋەسىدىكى 10 يېزا-بازاردىن كەلگەن ياش، ئوتتۇرا ياش ئىماملار بولۇپ جەمئىي 40 كىشى قاتناشتى. كۇرسانتلار ئۈچ ئايلىق كۇرس داۋامىدا قىرائەت، ئىبادەت ئىسلامىيە، ئاقائىد زەرۇرىيە، ئىلمى تەجۋىد، مۇختارات، لوئلۇ مارجان قاتارلىق دەرسلەرنى، مېيىت يۇيۇش، ناماز چۈشۈرۈش قاتارلىق ئەمەلىي ئىشلارنى ھەمدە مەلۇم مىقداردا سىياسەت، قانۇن دەرسلىرىنى ئۆگەندى. كۇرسنىڭ ئاياغلىشىش مۇراسىمىدا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇقادىر ئىمام ھاجى كۇرسنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى ۋە كۇرسنىڭ ئېچىلىش ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

شەرت-شارائىت يارىتىپ بەرگەن رەھبەرلەرگە رەھمەت ئېيتتى. ناھىيىلىك خەلق هۆكۈمىتى مۇئاۋىن ھاكىمى تۇرغۇن نىياز سۆز قىلىپ، كۇرسانتلاردىن كۈتىدىغان تەلەپ-ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاخىردا ئوقۇشتا لاياقەتلىك بولغانلارغا ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى، نەتىجىسى ئالاھىدە بولغانلارغا مۇكاپات تارقىتىلدى. بۇ قېتىمقى كۇرس ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بازار جامە مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى ئابلا قاري ھاجىنىڭ قىرائىتى بىلەن باشلىنىپ ئاخىردا كۇرسانتلار ۋەكىلىنىڭ قىرائىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. (ئەنۋەر ئېلى تۇرسۇن، نۇرگۈل سىدىق)

## قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان 11-قارارلىق تالىپلار كۇرسى ئاخىرلاشتى

2001-يىل 2-ئاينىڭ 21-كۈنى قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان 11-قارارلىق ياش، ئوتتۇرا ياش دىنىي ئىز باسارلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمغا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابلىمىت مامۇت ھاجى رىياسەتچىلىك قىلدى. مۇراسىمغا ناھىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى، ناھىيىلىك بىرلىكسەپ بۆلۈم، ناھىيىلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى. كۇرسىنىڭ باش مۇدەررىسى ئابلىمىت مامۇت ھاجى كۇرسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى خۇلاسە قىلدى ھەمدە ئوقۇغۇچىلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاخىردا ئوقۇش پۈتتۈرگەن 90 ئوقۇغۇچىغا ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى، ئۇلار ئۆز جايلىرىغا بېرىپ دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. بۇ قېتىمقى كۇرس ئۈچ ئاي داۋام قىلدى.

(ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد)

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

○ **بىشتوغرىڭ يېزا ئىگىلىك 3-دېۋىزىيىسى** 53-تۇەن بازار مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئاۋۇت ھاجى 2001-يىللىق قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن 53-تۇەننىڭ مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللىي 8-، 9-لىيەن، بازار قاتارلىق ئورۇنلىرىدىكى قىيىنچىلىقى بار 28 ئائىلىلىك مۇسۇلماننىڭ قۇربان ھېيتىنى خوشال-خورام ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئۈچۈن 8500يۈەن نەقپۇل بىلەن ئۇلارنى يوقلىدى ھەمدە بازار مەكتەپ ۋە بازار مەكتەپكە قاراشلىق قۇملۇق شۆبە 3-مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان 10 نەچچە يېتىم-يېسىر ئوقۇغۇچىغا 3200يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلىپ، ئۇلارنى تىرىشىپ ئوقۇپ كەلگۈسىدە ۋەتەنگە،مىللەتكە يارامىلىق ئادەم بولۇشقا چاقىردى. ( ھەسەنجان قارى، تۇرسۇن بارات)

○ **تۇرپان شەھەر**لىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە شەھەر تەۋەسىدىكى دىنىي زاتلار ئۆتكەن بىر يىلدا مائارىپقا، يېتىم-يېسىرلارغا 143مىڭ637 يۈەن نەق پۇل، 164 خالتا ئۇن، 246 كىلوگرام گۆش، 45 تونىنا كۆمۈر، 168 قۇر كىيىم-كېچەك ياردەم قىلدى. يېڭىدىن 42 كۆۋرۈك سالدى، 32مىڭ 470تۈپ كۆچەت تىكتى. 325 مېيت نامىزىنى خالىس چۈشۈردى. 371 نەزىر-چىراغنى ئاددىي ئۆتكۈزدى. 44 جۈپ قىز-يىگىتنىڭ توينى تېجەشلىك ئۆتكۈزدى، 54 ئائىلىنى مۇرەسسە قىلىپ كېلىشتۈرۈپ قويدى.

تۇرپان شەھىرى ئايدىڭكۆل يېزا داجاڭزا مەھەللە 4-كەنت مەسچىتىنىڭ مەزىنى سەدىردىن خالىق ھاجى ئۆتكەن بىر يىلدا مېيىپ، ئاجىز، نامراتلارغا 300كىلوگرام ماي، قېرىلار ساناتورىيىسىگە 30 كىلوگرام ماي ، يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىگە 1500 يۈەن نەق پۇل، يېزىنىڭ سۇ قۇرۇلۇشىغا 1000يۈەن نەق

پۇل ۋە ماددىي بويۇم ياردەم قىلدى.

پىچان ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، پىچان ناھىيە پىچان يېزا قورغان مەھەللە 1-كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى ئابدۇللا ھاجى قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ ئېرىشكەن بىر قانچە يىلدىن بېرى نامرات ئائىلە ۋە يېتىم-يېسىرلارغا 800يۈەن قىممىتىدە ئۇن، چاي، كۆمۈر قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى ياردەم قىلدى، 28 نەپەر ئوقۇغۇچىغا 650 يۈەن قىممىتىدە قىشلىق كىيىم-كېچەك سېتىۋېلىپ تارقىتىپ بەردى؛ يەنە مۇھتاجلىقتا قالغان كېسەللەرنىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن 3500يۈەن پۇل بېرىپ تۇردى. ئۇ يەنە توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىنى ئاددىي ئۆتكۈزۈشتە باشلامچى بولۇپ، ئاممىنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىپ، مېيىت نامىزىدىن يەتتىنى خالىس چۈشۈردى، تۆت جۈپ قىز-يىگىتنىڭ توي مەرىكىسىنى ئاددىي ئۆتكۈزۈشكە ياردەم قىلدى. (شاھىمەردان ئىمىننىياز)

○ **گۇماناھىيە** چودا يېزا بورىچىلىق كارخانىسى مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابابەكرى ئوسمان يېقىندا يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپكە 1000يۈەن ئىئانە قىلدى. (مىرەخمەت سەيدەخمەت)

○ **ئۈرۈمچى شەھىرى شىمگۇ** دۆڭ مەھەللە مەسچىتى ئۆزىنى ئۆزى قامداشنى ياخشى يولغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا مائارىپقا ۋە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا 1998-، 1999-يىللىرى جەمئىي 6110 يۈەن ئىئانە قىلغاندى. 2000-يىلى روزا ھېيت ۋە يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن ئىككى يېتىم بالىغا 171يۈەن، قىيىنچىلىقتا قالغان 29 ئائىلىدىكى مېيىپ-ئاجىزلارغا 2976 يۈەن قىممىتىدە نەق پۇل ۋە ماددىي لازىمەتلىكلەر ياردەم قىلىپ، جامائەت نامىدىن ھال سورىدى. يەنە 97-،98-، 99-يىللىرى 300 دىن ئارتۇق كېسەلنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 30 يۈەنلىكتەك يېمەكلىك بىلەن يوقلىدى ۋە ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىنىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلدى. (ئەزىز)

○ **يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيە** 49-تۇەن 9-ليەن(مەركىزىي بازار) مەسچىتىنىڭ ئىمامى راخمان ئەمەت ھاجى ھالال ئەمگىكى بىلەن ئېرىشكەندىن كېيىن 2000-يىل ئىچىدە 40 خالتا بۇغداي ئۇنى، بەش خالتا گۈرۈچ ئۆشرە ئايرىپ ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم قىلدى. يەنە مەزكۇر ليەندىكى مەمەت ئىمىن قارى مېيىپ بولغىنىغا قارىماي ھالال تاپقان پۇلىدىن 280 يۈەن سەدىقە ئايرىپ، يېتىم يېسىر، غېرىب-غۇرۋالارغا ئاز بولسىمۇ ئۆز قولى بىلەن ياردىمىنى يەتكۈزۈپ كىشىلەرنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. ( ئوسمان جۇمە، ئابدۇرېھىم راخمان)

○ **بايىنغۇلىن ئوبلاست** سۈرۈك سۇ يېزا ئىگىلىك مەيدانى 2-دۈيدىكى دىنىي زاتلار شۇ يەردىكى نامرات، ئاجىز بىچارىلەرگە 1700 يۈەندىن كۆپرەك قىممەتتە كىيىم-كېچەك، ئاشلىق، پۇل ئىئانە قىلغاندىن سىرت، بىر كېسەلنىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن يېقىندا 500يۈەن ياردەم قىلدى. ( ھامۇتجان)

○ **خۇشۇت ناھىيە** چوقۇقۇ يېزا باغقارىغاچ كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمامى سەمەت قادىرنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن كەنتتىكى بارلىق دىنىي قېرىنداشلار كەنت مەسچىتىنىڭ رېمونت قىلىنىشىغا 82تال ياغاچ، 8000 يۈەن پۇل ياردەم قىلدى. ئۇششاقتال خۇيزۇ مىللىي يېزا جىگدە قورۇق كەنتىنىڭ مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئەتلىرى شۇ يەردىكى نامرات 13 ئائىلىگە740 يۈەن قىممىتىدە ماددىي بويۇم ياردەم قىلدى. (ھامۇتجان، ئېلى مەخسۇم)

○ **گۇما ناھىيىلىك** ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، چودا يېزا مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئەخمەت ئالىم مەخسۇم يېقىندا چودا يېزىسىدا دىنىي ۋەزىپىدىكىلەر بىلەن ئېچىلغان ”ئۆچنى سۆيۈش“ بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ خۇلاسە يىغىنىدا ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش ھەققىدە ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ يۇقىرى سەۋىيىدە لېكسىيە سۆزلەپ، يىغىنغا قاتناشقان رەھبىرىي كادىرلار، دىنىي خادىملار ۋە كەڭ دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

(مىرەخمەت سەيدەخمەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ھەدىس شەرىفتىن

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىچىش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئەيىبىنى تۈزەش بىلەن بولغان ئادەم چوڭ ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

(بۇ ھەدىسنى بولۇغۇلمەرامدا رىۋايەت قىلغان)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ھەسەدتىن ساقلىنىڭلار، ھەسەد قىلىش ياخشىلىقلارنى خۇددى ئوت ئوتۇننى يېگەندەك يەيدۇ. (بۇنى ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان)

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،ئۇ: ”ئى رەسۇلۇللاھ! مۇسۇلمانلار ئىچىدە قانداق ئادەم ئەڭ ئارتۇق مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ؟ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ’سۆزى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمىگەن ئادەم ئەڭ ئارتۇق مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ‘ دەپ جاۋاب بەردى“ دېگەن...

(بۇنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

## ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۈر

قەشقەر شەھىرىدىن: **ھاجە ئاتىكە مىرئەھمەد** 102 يۈەن؛ **ھاجە بۇخېلچە خېنىم** 100 يۈەن؛

مارالبېشى ناھىيىسىدىن: **نۇرئەھمەد ھاجى** 100 يۈەن؛ **نۇرمۇھەممەد** 20 يۈەن؛

ئۈرۈمچى شىمىگو رايونى دۆڭ مەھەللە مەسچىت جامائىتى 50 يۈەن؛

چىرا ناھىيىسىدىن: **مەتتۇرسۇن مەگىلىك** 20 يۈەن؛

بۆرتالا شەھىرىدىن: **مەمەتجان سدىق** 15 يۈەن؛

ئاتۇش شەھىرىدىن: **راملە ئابلىمىت** 10 يۈەن؛

### يوپۇرغا ناھىيىسىدىن

| | | |
|---|---|---|
| **قېيۇم ئابدۇرىشىت** 20 يۈەن؛ | **قېيۇم ئاالماس** 10 يۈەن؛ | **مەمەت نامەت** 10 يۈەن؛ |
| **غېنى قارى ئىمىن** 10 يۈەن؛ | **ئابلىكىم مىكىبىر** 10 يۈەن؛ | **مۆمىن تىز** 5 يۈەن؛ |
| **مۇسا ناۋاي** 10 يۈەن؛ | **مۇھەممەت سايىم** 10 يۈەن؛ | **ئابلەت مەخەم** 5 يۈەن؛ |
| **راھمان مەيدىن** 10 يۈەن؛ | **ئابلىمىت هامۇت** 10 يۈەن؛ | **ئوبۇل چوڭ** 5 يۈەن؛ |
| **ئوسمان ئابدۇرىشىت** 10 يۈەن؛ | **ئابلىمىت بۇلبۇل** 10 يۈەن؛ | **نۇرىخان ئىمىن** 5 يۈەن؛ |
| **ئېلى قۇۋان** 10 يۈەن؛ | **پولات مەخمۇت** 10 يۈەن؛ | |

(ئىئانىنى توپلاپ ئەۋەتكۈچى: **غېنى قارى ئىمىن**)

### پوسكام ناھىيىسىدىن

| | | |
|---|---|---|
| **خالىس ئانىچى** 30 يۈەن؛ | **قۇۋانخان** 10يۈەن؛ | **مەنىساخان** 5 يۈەن؛ |
| **خالىس ئانىچى** 21 يۈەن؛ | **سەمەخان** 10 يۈەن؛ | (ئىئانىنى توپلاپ ئەۋەتكۈچى: |
| **يۈسۈپ ھۇشۇر** 20 يۈەن ؛ | **خېلىچخان** 5 يۈەن؛ | **زىننەت ئۆمەر**) |

### بېيجىڭ شەھىرىدىن

**مۇستافا ياڭ جىبو** 20يۈەن؛ **ئىمادىددىن ۋېن جيەن** 20 يۈەن؛ **ئەلى ليۇ شۇشياڭ** 10 يۈەن؛

## شەرەپلىك ئوقۇرمەنلەر

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدىن: **ئابدۇرەھىم ھاجى ئىمىن**

كورلا شەھىرىدىن: **تۇرسۇن قادىر**

كورلا شەھىرىدىن: **ئەيسا قارىي ھاجى**

تولى ناھىيىسىدىن: **لەمخان ھاجە**

# 2001-يىللىق جۇڭگو ھاجىلىرى مەككە مۇكەررەمەدە



جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ھەج ئىشلىرى ۋەزىرى ئىياد ئىبنى ئەمىن مەدەنى قاتارلىقلار بىلەن سەمىمىي سۆھبەتتە بولۇپ خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



پادىشاھ مېھمىنى ھاجىلىرى ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى ئىسلامىيەت ئىشلىرى ۋەزارىتىنىڭ باش ۋەزىرى سالىھ ئەل شەيخ بىلەن قىزغىن سۆھبەتلەشتى.




جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى شەمشىدىن ھاجى دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇللا ئەلتۈركى بىلەن سۆھبەتتە بولدى.

(سۈرەتنى ياڭ جىبو تارتقان)



دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ھەجگە بارغان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج ئۆمىكى ئەزالىرى مىنادا خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

(سۈرەتنى ياڭ خۇيىڭ تەمىنلىگەن)




پادىشاھ مېھمىنى ھاجىلىرى ئەرافاتتىكى چېدىردا.

(سۈرەتنى ئەركىن قادىر تارتقان)



جۇڭگولۇق ئايال ھاجىلار ھەج پائالىيىتىدە.

(سۈرەتنى ئابدۇرېشىت ئەنەيتۇللا تەمىنلىگەن)



بەيتۇللانىڭ ئالتۇن ئىشىكى

ISSN 1007-5836

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» 《中国穆斯林》(维吾尔文版)

2001-يىل 2-سان(ئومۇمىي 59-سان) 2001年第二期(总59期)

ژۇرنالنىڭ خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN 1007—5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11—1346/B
刊号：ISSN 1007—5836 / CN11—1346/B

ئاشكارا تارقىتىلىدۇ 公开发行

باھاسى: 4.00 يۈەن 定价：4.00元